# قەبرىدىكى ئىلتىجا

## (پوۋېست)

تۇرسۇنئاي سۇلتان (بەرگىيە)

يانغىن ئېلكىتابلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

# قەبرىدىكى ئىلتىجا

ئۇنىڭ ياتاققا كۈلۈپ كىرىشى بىلەن تېنىمگە ئولاشقان تىترەك يۈرىكىمگە بىر خىل تاتلىق سېزىمنى قان ئورنىدا قۇيغاندەك بولۇپ كەتتى.
_تېخىچە ئولتۇرۇپسەنغۇ؟_ئۇ يېنىمغىلا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇخلاش كىيىمىم بىلەن تېخى كېيىمىمنى كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرمىگەنلىكىمدىن نومۇس قىلىپ كارۋىتىم بېشىدىكى ياغلىقنى "شارىتتىدە' تارتىپ ئۈستۈمگە يېپىۋالدىم. ياتاقتىكى قىزلار ماڭا قاراپ پىخىلداپ كۈلۈپ بىر-بىرلەپ چىقىپ كېتىپ ئىككىمىز يالغۇز قالدۇق.
_نىمانچە ئەتىگەندىلا كىردىڭ؟
_ئەتىگەن..قاراپ باقە..كۈن چۈش بولدى...ھورۇن_ئۇ ياغلىقنى تارتىپ ئېلىۋېتىپ كۆزلىرىنى ئويناتقىنىچە مېنى كارۋاتقا قىستاپ ئولتۇرۇۋالدى.
_بىرسى كىرىپ قالىدۇ..چىقىپ كەت.. ساراڭ!
_ھەممىسى چۈشەنگەچكە چىقىپ كەتتى_ئۇ قولىنى مۈرەمدىن ئارتىلدۇرۇپ مېنى ئۆزىگە تارتتى..
_ياق،ئۇنداق قىلما!!_ مەن بوشقىنە قارشىلىق قىلدىم...ئىھ..شۇ تاپتا يۈرىكىم قەپىزىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك تېز سوقۇپ كېتىۋاتاتتى.
_ئەكىلە قولۇڭنى!
ئۇ قولۇمنى تارتىپ تۇرۇپ مۆغەمبەرلەرچە كۆزۈمگە تىكىلىپ تۇرۇپ يانچۇقىدىن بىر نىمە چىقاردى. مەن ئۇ يانچۇقىدىن چىقارغان قاپچۇققا قاراپ "ئۇ ھەجەپ ماڭا بۇنى سوۋغا قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ "دىگەننى ئويلىغاچ تۇرۇپ قالدىم.
تېزراق چۈش ھە،سېنى بىنا ئالدىدا ساقلايمەن!
ئالدىراش-تېنەش كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇپ پەلەمپەيلەردىن نەچچىنى بىر ئاتلاپ چۈشۈپ كېتىۋاتاتتىم.قانداقتۇر بىر نىمىگە پۇتلاشتىمدە 5-قەۋەت پەلەمپەيدىن بىرلا چىرقىرىغىنىمچە دۈمۈلاپ كەتتىم.......
_ھەي،ھەي نىمە بولدىڭىز؟
سەكرەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.ھاياجانلىق يۈرەك رېتىملىرىنىڭ ئورنىنى قورقۇشتىن سوققان ئەسەبى رېتىم ئالغان بولۇپ ئۈستى-بېشىم چىلىققىدە تەرگە چۆمۈپ كەتكەن ئىدى.
يولدىشىم كۆزلىرىنى يوغان ئاچقىنىچە ماڭا قاراپ تۇراتتى.

_قارا بېسىپ قالغان ئوخشىمامدۇ سىزنى..نىمە چۈش كۆردىڭىز؟
_چۈش... مەن..مەن قەيەردە؟
_هوي نىمە بولدىڭىز؟ سىز ئۆيدە ..ئۇخلاۋېتىپ ئاجايىپ قاتتىق ۋارقىراپ كەتتىڭىز ..توكنى ياندۇرۇپلا سىزنى ئۇيغىتىشىم..نىمە كۆردىڭىز شۇنچە قورقۇنۇچلۇق..
_قورقۇنۇچلۇق چۈش.. ياق،ياق....
"چۈش" سۆزى بىلەن سەزگۈلىرىم سىلكىنىپ ئە سلىمگە كەلگەندەك بولۇپ قالدىم."ئە سلىدە مەن چۈش كۆرۈپ يېتىپتىمەن.. ئۇ نى كۆرۈپ يېتىپتىمەن..نىمىشقا ئۇ چۈشمۇ..نىمىشقا يېقىن..."يۈرىكىمگە قايتا بوسۇپ كىرىشكە ئۈلگۈرگەن شىرىن تۇيغۇ تەسىرىدىنمۇ ياكى باياقى ئۈندەرەشتىكى سىلكىنىشلەر ئارقىسىدىكى بوشىشىشىنىمۇ ئەيتاۋۇر پۈت ـ قوللىرىم ماغدۇرسىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدىم...
_بولدى..بولدى.. مەڭ سۇ ئىچىۋىلىڭ!! ئوڭشىلىپ قالىسىز..
يولدۇشۇمنىڭ كۆيۈنۈش بىلەن ئۇزاتقان بىر ئىستاكان سۈينى ئالدىم ـ دە،غۇرتۇلدىتىپ ئىچىۋەتتىم.شۇندىلا قالايمىقانلاشقان ئەسەبىي ھىسلىرىم ئورنىغا چۈشۈپ تىنچلانغاندەك بولۇپ قالدىم.
_بولدى يېتىڭ،ئۇخلايلى...
كېچە،كۆزلىرىمدىن ئاللىبۇرۇن ئۇيقۇ قاچتى.ئۇ مېنىڭ قورقۇنچىمنى باسماقچى بولغاندەك مۇرەمدىن يېنىك قۇچاقلاپ چاچلىرىمنى سىلاپ بىر دەم ياتقاندىن كېيىن ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى..
مەن ئاللىبۇرۇن ئۇيقۇ قاچقان كۆزلىرىمنى تورۇسقا تىككىنىمچە روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك ياتاتتىم..خىيال كەپتىرىم شۇنچە چىڭ تۇتۇۋالغىنىمغا قارىماي ئاخىرى بوشىنىپ ئەركىنلىككە ئېرىشكەنلىگىدىن تەنتەنە قىلغان ھالدا ئۆتمۈش ۋاراقلىرىمدا دانلىماقتا ئىدى.

**********************

ئىككىمىز بىر سىنىپتا ئوقۇيتتۇق.ئۇ شۇنچىلىك شوخ ئىدى. ئاۋازى بەكمۇ يېقىملىق ،ناخشا ئېيتسا ھەممىسىنى ئۆزىگە قارىتىۋالاتتى.چىرايىمۇ ئۆزىنىڭ شوخ تۇرقىغا شۇنداق ماسلاشقان بولۇپ سىنىپىمىزدىكى كېلىشكەن باللاردىن سانىلاتتى.ئۇ مېنىڭ ئارقامدا ئولتۇراتتى.دەرىس ۋاقتىدىمۇ كەيپ سىزلىك قىلىپ تىنماي گەپ قىلىپ ئىنتىزامنى داۋاملىق بۇزۇپ ئولتۇر سىمۇ نىمە ئۈچۈنكىن سىنىپتىكى باللارنىڭ ھىچقايسىسى ئۇنى يامان كۆرمەيتتى.مەنمۇ ئۇنىڭغا ئامراق ئىدىم. دەم ئېلىش ۋاقتلىرىدا ۋە تەكرار ۋاقتلىرىدا ئارقامغا قاراپ ئۇنىڭ يۇمۇرلۇق گەپلىرى ۋە شوخ ناخشىلىرىدىن ھوزۇرلىنىشنى ياخشى كۆرەتتىم. ئۇنىڭغا داۋاملىق كۆيۈنگۈم،داۋاملىق

پاراڭلاشقۇم كېلەتتى. بىرەر سەۋەپلەر بىلەن ئۇ كەلمەي قالسا كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولاتتى. ئىككىمىز پەقەت بىر كۈن ئالدى ـ كەينى تۇغۇلغان ئىدۇق. مەن ئۇنىڭدىن بىر كۈن ئاۋال ئۇ مەندىن بىر كۈن كېيىن تۇغۇلغانلىقىغا قارىماي مەن ئۇنى تېرىكتۈرۈپ "ئۇكام"دەپ قوياتتىم. ھەر قېتىم ئۇنى ئۇكام دەپ چاقىرغىنىمدا ئۇ قوللىرىمنى قايرىپ تۇرۇپ "يەنە بىر قېتىم شۇنداق دەيدىغان بولساڭ قولۇڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن"دەيتتى. مەن ئاغرىققا چىدىماي "ۋاي بولدى ئاكا، جېنىم ئاكا ئەمدى دىمەيمەن"دەيتتىم ـ يۇ بوشىنىۋالغاندىن كېيىن يەنە دەيتتىم. تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 2 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمىز ئىدى. ئۇ كەينىمدە ئولتۇرۇۋېلىپ دەرس ۋاقتىدا چېچىمنى تارتتى. ئۆرۈلۈپ قارىسام ھەييارلىق بىلەن"ئالدىڭغا قارا، كەينىڭدە نىمە بار؟"دەيتتى ئالدىمغا قارىشىم بىلەن يەنە چېچىمنى تارتاتتى. مەن جىلە بولۇپ 'خەپ"دەپ ئولتۇردۇم. تەنەپپۇستا چىقىش قوڭغۇرىقى چېلىنىپ ئوقۇتقۇچىمىز چىقىپ كېتىشى بىلەنلا كەينىمگە ئۆرۈلۈپ"ھەي كىچىكلىگىنى ھەجەپ بىلمەيدىكەنسەن؟نىمە دەرس ۋاقتىدا ھەدەڭنىڭ چېچىنى تارتىسەن؟ بۇنداق قىلساڭ سەندەك ئۇكامدىن ۋاز كېچىمەن جۇمۇ"دىيىشىم بىلەن ئۇ "كاپپىدە"قىلىپ قولۇمنى تۇتۇپ مېنى بىرلا تارتقان ئىدى. ئۇنىڭ يېزىق ئۈستىلىگە سىڭايان بولۇپ يىقىلىپ چۈشتۈم.'تاراق ـ تۇرۇق"ئاۋازدىن ھەممىسى چۆچۈپ سىنىپ ئىچى تىم ـ تاس بولۇپ قالدى. مەن يېنىچىلاپ ئۇنىڭ يېزىق ئۈستىلىدە قولۇمنىڭ ئاغرىقىغا پايلىماي'قويىۋەت ساراڭ، بېشىڭنى يەيدىغان"دەپ تىللاشقا باشلىدىم. ئۇ قىلچە پەرۋا قىلمىغان ھالدا ھەممىنىڭ كۆزىچە سىڭايان تۇرغان يۈزۈمگە يېقىن كېلىپ بوش ئاۋازدا"ئەمدى ئۇكام دەيدىغان بولساڭ مۇشۇ گەپنى دىگەن ئاغزىڭغا سۆيۈۋالىمەن_ھە!"دىدى. ئۇ بۇ گەپنى بوش ئاۋازدا دىگەن بولسىمۇ بىراق ھەممىنىڭ كۆزى بىزدە ھەم قانداقتۇر قىززىقچىلىقنىڭ يۈز بېرىشىنى ئۈمۈد قىلغان بەزىبىر تىنىمسىزلارمۇ جىممىدە قاراپ تۇرغاچقا ھەممەيلەن ئېنىق ئاڭلىدى. شۇئان تېنىم توك تەپكەندەك بولۇپ يۈزۈمنىڭ ئۈستىدە سانسىز چۈمۈلە قىمىلداپ يۈرگەندەك بولۇپ قىزىرىپ كەتتىم.

ـ بېشىڭنى يەيدىغان ساراڭ، بىزەڭ..

ـ دەمسەن، دىمەمسەن؟_ئۇ بېشىنى ھەدەپ ماڭا يېقىنلاشتۇرۇشقا باشلىدى. قاراپ تۇرغانلارنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا ئەل بولۇپ يالۋۇرۇشنى كۆتۈرمەيتتىم. شۇڭا توختىماي ئۇنى تىللاشقا باشلىدىم. مەن تىللىغانسىرى ئۇ قولۇمنى تېخىمۇ قايرىپ مېنى مىدىرلىغۇزماي بېشىنى مەن تەرەپكە سوزۇپ كەلدى. يۈزلىرىمىز تېگىشىشكە قىللا قالغان شۇ دەقىقىدە ئامالسىز تىترەپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا يالۋۇردۇم؛

_ساراڭ ئۆلىدىغان..قولۇمنى قويۇۋەتسەڭ دەمدىم دىمەمدىم شۇ چاغدا بىر گەپ بولىدۇ..ئاۋال قولۇمنى قويۇۋەت،بەك ئاغرىپ كەتتى..

_ياق،هازىر ئىككىنجى دىمەســـلىككە ۋەدە بەر،بولمىســـا مىنى قىلمايدۇ دەپ قالما،،هازىرلا شۇنداق قىلمەن!

جاھىللىقىم شۇنداق تۇتتىكى ئۇنىڭ كۆزىگە مىختەك تىكىلىپ تۇرۇپ :

ـ دىمىسىمۇ سەن ئۇكام،دەيمەن قانداق..ئۇڭ..._گېپىمنىڭ ئايىغى تۈگىمەيلا ئۇ تەلۋە ساراڭ راســـتىنلا "چوككىدە"قىلىپ مەڭزىمگە ســـۆيۈۋالدى.قىقاس ـ چوقان ئارىســـدا مەن ئۇنىڭ قولىدىن بوشىنىپ چىقىپ ئۇستەل ئۇستىدىكى كىتاپنى ئېلىپلا ئۇنىڭغا قارىتىپ زەردە بىلەن ئاتتىم .كۆزلىرىدىن خورلۇق ياشـــلىرى تۆكۈلۈپ كەتتى.ئۇ نىمىڭ ئوڭايســـىزلانغان ھەم تەڭقىســـلىقتا قالغان كۆزلىرى چەكچىيىپ مىنىڭ بۇ قەدەر ئاچچىقلىنىپ كېتىشـــىمنى ئويلىمىغاندەك قېتىپ تۇراتتى. مەن ئەڭ ئەپســـانە تىللار بىلەن ئۇنى تىللىغىنىمچە يۈگۈرۈپ سىنىپتىن چىقىپ كەتتىم...

شۇ ئىشتىن كېيىن مەن بىر ھەپتە سىنىپقا بارمىدىم.ئۇنى ئويلىسام جۇدۇنۇم ئۆرلەيتتى. شۇ كۈندىكى ئاشـۇ ئىزالىق ئىشــنى ھەر بىر ئويلىغىنىمدا غەزەپ ھىســلىرىم قېتىدا يەنە قانداقتۇر يۈرىگىمنى"ســـىررىـدە"قىلـىپ ئۆتـىدىغـان بىر تۇيغۇمۇ مەۋجۇت ئىـدى. ئۇخلاش ئۇچۇن كۆزلىرىمنى يۇمۇشـۇم بىلەن ئۇنىڭ يۈزلىرىم بىلەن يۈزلىرىنىڭ تېگىشـــىپ تۇرغان ھالىتى"شـــۇ دىگەن ئېغىزىڭنى ســـۆيۈۋالىمەن"دىگەن گېپى قۇلىقىمغـــا ئـــاڭلىنىـــپ يۈرىگىم ئۆزۈمىمۇ بىلمەيدىغان"سىررىدە "قىلغان بىر نازۇك تۇيغۇنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالاتتى .

شـــۇ كۈندىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا قارىمىدىم.ئۇمۇ مەندىن تارتىنغاندەك ماڭا ئوچۇق ـ يورۇق گەپ قىلالماي يۈردى.دەرىس ۋاقتىلىرىدا بىر ئۆرۈپ ئارقىغا تاشلىۋالغان چاچلىرىمنى يېنىككىدە تارتىپ قوياتتىيۇ گەپ قىلمايتتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ ئاچچىقلانىســام ئاۋالقى ئىشــنىڭ يەنە تەكرارلىنىشىدىن قورقامدىم ئىشقىلىپ گەپ قىلمايتتىم....

بىز بىر مەۋســـۇمدىن كېيىن ئەپلىشـــىپ قالدۇق.يەنىلا بۇرۇنقىدەك شـــوخ تاتلىق قىلىقلارنى قىلىشـــىپ ســـاۋاقداشـــلىقنىڭ ســـەمىملىككە تويۇنغان ئالتۇن دەملىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتاتتۇق.ئەنە شـــۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرســـــدە بىز تولۇق ئوتتۇرنىڭ 3 ـ يىللىقىدا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا جىددى تەييارلىق قىلىۋاتقاندا ئۇنىڭ دادىسى جىددى يۈرەك كېسىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن دوست ،يېقىن ئۆتكەچكە داۋاملىق ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ تۇراتتىم.بۇ قېتىمقى دادىسىنىڭ ئۆلۈمى ماڭىمۇ شۇنداق تەسىر قىلدى.داۋاملىق ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارغىنىمدا شـۇنداق مۇلايىم كۈلكىســى بىلەن بىزنى كۈتۈۋالىدىغان،ئۇنىڭغا شـۇنداق ئوخشـايدىغان بۇ

مېھرىبان كىشىنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى ئۇنىڭغا شۇنداق تەسىر قىلدىكى شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ بۇرۇنقى شوخ، ئوماق، تىنىمسىز قىياپەتلىرى يوقاپ غەمكىن، ئېغىر بولۇپ قالغان ئىدى...

ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلگەندە سىنىپتىكى باللار بىلەن باردۇق. قىزلار بىلەن ئاپىسىنىڭ قېشىغا كىرگەندە ئاپىسى مېنى چىڭ قۇچاقلاپ "سىزنى بەك ياخشى كۆرەتتىغۇ. كەلسىڭىز كېلىنىم كەپتۇ دەپ خوشال بولۇپ كېتەتتىغۇ.." دەپ يىغلاپ كەتكەن ئىدى، يۈرىكىم تېخىمۇ ئاغرىپ كەتتى... ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن چىققاندىن كېيىن خۇددى ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئالدىدا ئىزالىق بىر گەپكە قالغاندەك بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىيالماي قالدىم. كەچتە ئۆيدە كۆزۈمنى يۇمۇشۇم بىلەنلا ئۇنىڭ بېلىگە ئاق باغلاپ كۆزلىرى يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەن مۇڭلۇق ھالىتى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ ئۇنىڭغا بولغان ھېسداشلىق، يەنە قانداقتۇر بىر خىل سېزىملار ئىلكىدە بەكمۇ قىينالدىم.....

ھەش-پەش دېگۈچە كۈنلەر ئۆتۈپ ئۇنىڭ دادىسىنىڭ قىرىق نەزىرىمۇ بېرىلىپ بولدى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ بىلەن تۇرۇۋكمۇ پاراڭلىشىپ باقمىدىم. سىنىپتا ئۇنىڭ بۇرۇنقىدەك شوخ قىلىقلىرى، يېقىملىق ناخشىلىرى پەقەتلا ئاڭلانماس بولدى. ئۇ كۈندىن-كۈنگە دەرسىتىمۇ ئارقىغا چېكىنىپ كېتىۋاتاتتى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىنلىك تەكراردىن چۈشۈپ تۇرۇشىمىزغا ئۇ "توختاپ تۇرە، گېپىم بار" دېدى. مەن باشقىلارنىڭ گۇمانىي كۆزلىرىگە قالماسلىق ئۈچۈن يالغاندىن يەنە قانداقتۇر نەرسىلەرنى يازغان بولۇپ ئەڭ ئاخىرىدا قالدىم.

_نىمە گەپ ئىدى؟

_ئاپام سېنى ئۆيگە كېلىپ كەتسۇن دىگەن ئىدى.

بۈگۈنما؟

_ھەئە_

_مەن_نىمە ئۈچۈنكىن ئوڭايسىزلىنىپ كەتتىم. بۇرۇن كارىم يوق ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بىللە تاماق يەپ، پاراڭلىشىپ كېلىۋېرىدىغان ئادەم ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ ھېلىقى گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قورۇنىدىغان بولۇپ قالغان ئىدىم. شۇنداقتىمۇ بارمىسام بولماس...

_ماقۇل، مەن ئاۋال ئۆيگە بېرىپ ئاپامغا دەپ قويۇپ ئاندىن باراي، سەن كېتىۋەر!

"ئاپىسىنىڭ نىمە گېپى باركىنە؟ شەپقەتكە مۇناسىۋەتلىك گەپمىدۇيا؟ شەپقەت ئۆيىدە بىرەر ئىش چىقىرىپ قويمىغاندۇ؟"

ئۇ ئىككىمىز سىنىپتىمۇ باشقىلاردىن پەرقلىق يېقىن ئۆتكەچكە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىشلاردا باشقىلار مېنى ئىزدەيتتى. ھەتتا ئوقۇتقۇچىمىزمۇ ئۇنىڭ يېقىندىن بېرىقى روھىي

هالىتىنىڭ نورمال بولماســـلىقى توغرىلىق مەن بىلەن پاراڭلاشـــقان ئىدى.گادىرماچ خىياللار بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قاپتىمەن.ئۆيىگە كىرىشـىم ئاپىسـى مېنى قۇچاقلاپ يەنە شـۇنداق يىغلاپ كەتتى.بىر هازا يىغا ـ زارىدىن كېيىن ئاپىســـى مېنى چاقىرتىش ســـەۋەبىنى ئېيتتى. شەپقەت هەدىسى يەنە بىر سىڭلىسى بولۇپ ئۈچ بالا ئىدى.هەدىسى ئۇنىڭدىن ئىككى ياش چوڭ بولۇپ ئۇرۇمچىدىكى مەلۇم ئۇنىۋېر سىتىتتا ئوقۇيتتى.بۇ بىر ئائىلە كى شىلىرى دادى سىنىڭ مۇئا شى بىلەن هېچ نىمىدىن قى سىلماي ئۆتۈپ كەلگەن بولۇپ دادى سى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىقتىســـات توغرىلىق ئائىلىدە بولغان ئىشـــلارغا شـــەپقەت "ئالىي مەكتەپكە ئىمتىهان بەرمەيمەن.بۇ ئائىلىدىكى بىردىنبىر ئوغۇل بولغانلىقىم ئۈچۈن ئىقتىســـادىي يۈكنى ئۈســـتۈمگە ئېلىشـــىم كېرەك"دەپ تۇرۇۋېلىپ ئاپىســـىنىڭ بېشـــىنى ئاغرىتىۋېتىپتۇ.ئۇنىڭ دېيىشـــىچە ئەمدى دادىسىنىڭ مۇئاشى بولمىغاندىن كېيىن هەدىسىنى ۋە سىڭلىسىنى ئوقۇتسا ئۇنىڭغا كېتىدىغان ئىقتىســـاتنى ئانىغىلا ئىتتىرىپ قويۇپ يەنە خاتىرجەم ئۆزى ئوقۇيالمىغۇدەك،شـــۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مەكتەپتىن چېكىنىپ چىقىپ بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇشى كېرەك ئىكەن.ئانا ئۇنىڭغا شۇنچە نەســـىھەت قىلىپمۇ گەپ يىگۇزەلمەپتۇ.رەهمەتلىك دادىســـىنىڭ شـــەپقەتكە بەكمۇ ئامراق ئىكەنلىكى،ئۇنى نۇقتىلىق ئـالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتىمەن دىگەن ئـارزۇســـىنىـڭ بـار ئىكەنلىكى،ئەگەر ئۇ بۇ سەۋەپلىك ئوقۇمۇسا ئۆزىنىڭ دادىنىڭ ئالدىدا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ يىغلاپ كەتتى.شـــۇنىڭ بىلەن ئاخىرى مېنى چاقىرىپ مەن ئارقىلىق ئۇنىڭغا نەســـىھەت قىلىپ باقماقچى بوپتەك. ئانىســـىنىڭ قارىشـــىچە شـــەپقەت مېنىڭ پىكرىمنى چوقۇم ئاڭلايدىكەن...

مەن ئانىغا بۇ ئىشـــقا چوقۇم ياردەم قىلىدىغانلىقىم ،شـــەپقەتنى گەپكە كىرگۈزۈدىغانلىقىم توغرىلىق ۋەدە بېرىپ يېنىپ چىقتىم.مەن چىققاندا كەچ بولۇپ كەتكەن بولغاچقا شـــەپقەت مېنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويماقچى بولۇپ بىللە چىقتى.

ئىككىمىز گەپ قىلماي جىم ـ جىت كېتىپ بارىمىز.بۇرۇنمۇ ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بىللە دەرىس ئوقۇپ كەچ قايتقان ۋاقىتلىرىمىز بولغان،شـــۇ چاغلاردىمۇ ئۇ مېنى ئۆيىگە ئەكىلىپ قويغان ئىدى.بىراق ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇ مېنى قىززىق گەپلەر بىلەن كۇلدۇرۇپ،شـــوخلۇق قىلىپ مېنى تېرىكتۇرۇپ،بىر ـ بىرىمىزنى قوغلىشىپ بىر دەمدىلا ئۆيىگە كېلىپ قالاتتۇق.بىراق بۈگۈن بولسا مېنىڭ قىلغان گەپلىرىمگە ئۇ زورىغا جاۋاپ بېرىپ قويۇپ گەپ قىلماي مېڭىۋاتاتتى.

_شەپقەت

_هە

_مېنى ئاپاڭنىڭ نىمە ئۈچۈن چاقىرغانلىقىنى بىلەمسەن؟

_ياق

_بىلگۈڭ بارمۇ؟

_.......

_گەپ قىله!!

_دىمەمسەن؟_

سەن ئاپاڭغا ئىمتىهان بەرمەيمەن،ئوقۇمايمەن دىدىڭما؟

_ئىم.._

ساراڭمۇ سەن؟

_سەن چۈشەنمەيسەن..

_مەن نىمىنى چۈشەنمىگۈدەكمەن؟

_زۇلخۇمار،بىر دەم پاراڭلىشــايلىچۇ_ئۇ جاۋابىمنى كۈتمەســتىنلا ئۆيىمىز تەرەپكە بۇرۇلىدىغان دوقمۇش يان كوچا تەرەپتىكى خالىي يەردىكى دەرەخ تۈۋىگە قولۇمدىن تارتىپ ئېلىپ ماڭدى.مەنمۇ ئۇن ـ تىنسىز ئۇنىڭ بىلەن ماڭدىم.

ـ ئولتۇرە_ئۇ دەرەخ ئاســتىدىكى چۆپلۈككە يانچۇغىدىن بىر گېزىتنى ئېلىپ يايدى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇرغاچ ئۇنىڭ يانچۇغىدىن ئېلىپ تۇتاشــتۇرۇۋاتقان تاماكىســىغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم.

_شەپقەت،سەن..بۇنى قاچاندىن چېكىدىغان بولۇۋالدىڭ؟

_نىمە؟چەكسەم بولمامدا؟_ئۇ پەرۋاسىزلارچە شوراۋاتقان تاماكىسىنىڭ ئىسىنى يۈزۈمگە پۈلەپ كۈلۈپ قويدى.

ـ سەن بۇنداق ئىشلارغا بەك ئۆچتىڭغۇ؟

_جەمىيەتكە چىقىش ئالدىدا تۇرۇمەن.شۇڭا ئۆگىنىۋېپ قويمىسام بولمىغۇدەك.

_شەپقەت،نىمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن؟

_ئاپام ساڭا دىمىدىما؟زۇلخۇمار،مەن ئوقۇمايمەن.

_ئوقۇماي نىمە قىلماقچىسەن؟

_زۇلخۇ مار.._ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى_ســەن بىلمەيســەن،ســېنىڭ ھەممە نىمەڭ تەل،داداڭ،ئاپاڭ ئىككىلىســـلا غوللۇق ئىدارىلەردە يۇقىرى ئورۇندا ئىشــلەيدۇ.ھەدەڭ بىلەن ئىككىڭلار ياغ ئىچىدىكى بۆرەكتەك چوڭ بولغاچقا ھىچنىمە بىلمەيسىلەر.بىلەمسەن..بىزنىڭمۇ گەرچە جان سانىمىز كۆپ بولمىسىمۇ بىراق دادامنىڭ ئاپامنىڭ ئىككىلىسىنىڭلا قېرىندا شلىرى يېزىدا.ھەم ئالدىنقى يىلى دادامنىڭ ئىنىســـى يامان ئاغرىققا گىرىپتار بولۇپ قالغاندا دادام

يىققان پۇتۇن بىساتى بىلەن ئۇنى داۋالاتقان ئىدى. بىراق بەختكە قارشى ئۇ ئىنىسىمۇ تۈگەپ كېتىپ ئۇنىڭ ئايالى ۋە ئۈچ بالىسىمۇ دادامنىڭ هاملىقىدا بېقىلىپ كېلىۋاتاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭمۇ ئىقتىسادىي ئەهۋالىمىز ياخشى بولمىدى. شۇنداقتىمۇ دادام تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ هەدەمنى ئوقۇشقا ئەۋەتتى. مېنىمۇ چوقۇم ئوقۇتىمەن دىگەن ئارزۇسى بار ئىدى. بىراق..._ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى. مەن ياش ئەگىگەن كۆزلىرىمنى ئۇنىڭغا تىكىپ قانداق تەسەللى بېرىشىمنى بىلەلمەي ئېغىر تىنىپ ئولتۇراتتىم، _دادامنىڭ ئۆمرى كالتە كېلىپ قالدى، دادامنىڭ ئارزۇسى ئىدى دەپ مەن ئوقۇيمەن دەپ تۇرۇۋالسام ئاپام قانداق قىلىدۇ؟كىچىك ئاپام ۋە ئۇنىڭ باللىرىچۇ؟دەپ باقە، ،مەن ئۆزۈمنى دەپ بارلىق ئېغىرچىلىقنى ئاپامغا يۈكلەپ قويسام قانداق بولىدۇ؟

_بىراق شەپقەت..

_گەپ قىلما، نىمە دەيدىغانلىغىڭنى بىلىمەن. ئاپام مېنى گەپكە كىرگۈزۈش كە سېنى چاقىرتتى. ئىلگىرى دادام هايات ۋاقتىدا سېنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى(هازىر ياخشى كۆرمىسۇن!)ئىككىمىز يېقىن دوست بولغاچقا سەنمۇ ئوچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ كەتكىنىڭدە ماڭا ئاڭلىتىپ ـ ئاڭلاتماي سېنى "كېلىنىم كەپتۇ"دەپ قوياتتى. سەن كېلىپ كەتسەڭ داداڭ ـ ئاپاڭنىڭ ياخشى ئىكەنلىگىنى شۇڭا سېنىڭمۇ شۇنداق يېقىشلىق قىز بولغىنىڭنى ئېيتىپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي كېتەتتى.سەن ھەقىقەتەن ياخشى.مېنىڭ ياخشى دوستۇم. مېنى چۈشەنگىن، مېنى گەپكە كىرگۈزۈمەن دىمە، كۆڭلۈڭنى ئاغرىتىشنى خالىمايمەن.بىراق گېپىڭگە كىرمەيمەن. مېنى ئىمتىھان بەر دەپ زورلىما بولامدۇ؟

_شەپقەت..

ئۇ قولى بىلەن ئاغزىمنى ئېتىۋالدى.خىيالىمدىكى ئۇنى گەپكە كىرگۈزۈش،گېپىمنى يىگۈزۈش ئىشەنچىم توزغاقتەك توزۇپ كەتتى...

ئۇنىڭ بىلەن كۆڭۈلسىز خوشلىشىپ قايتىپ كىرىپ بىر كېچە دىگۈدەك كىرپىك قاقماي چىقتىم.ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ ئۈمۈت بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرى ھەم ئاپىسىغا بەرگەن ۋەدەم ،ئۇنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى ۋە قەتئى نىيەتكە كەلگەن ئىرادىسى توقۇنۇشۇپ كاللامنى گاراڭ قىلىۋەتتى.ئۇنىڭ سۆزىنىڭمۇ ئۆزىگە چۈشلۇق ئاساسى بار ئىدى.بۇ كۈندە بىر قەدەم ماڭسىمۇ پۇل بىلەن ھېساپلىنىدىغان بۇ ھېساپلىق جاھاندا ھېچقانداق ئىقتىسادىي كىرىمى قالمىغان بۇ ئائىلە ئۈچۈن شەپقەتنىڭ مەكتەپتىن چېكىنىشىدىن ئۆزگە يول قالمىغاندەك قىلاتتى....

ئۇ مەكتەپتىن چېكىندى..........

ئىككىمىز بىر سىنىپتا ئوقۇغاندىن باشلاپ مەيلى قانداق سىنىپقا چىقمايلى داۋاملىق مېنىڭ ئارقامدا ئولتۇرۇپ كەلگەن، مېنى قىززىق گەپلەر بىلەن كۈلدۈرۈدىغان، ئاچچىغىمنى كەلتۈرۈدىغان گەپلەرنى قىلىپ ئېغىزىمىدىن سەت گەپلەرنى چىقىرىۋېتىدىغان "ئۇ"نىڭ كەلمەسلىكى بىلەن مەكتەپتىكى هاياتىم بەكلا مەنىسىز، زېرىكىشلىك ئۆتىدىغان بولۇپ قالدى. بۇرۇنقىدەك مەكتەپ دىسە ئۇچۇدىغان، ئۆيدە تەكرار قىلىشقا قويۇپ بەرسە هەم شەنبە ـ يەكشەنبە كۈنلىرىگە ئۆچلۈك قىلىدىغان مەن ئەمدى ئامال بولسا مەكتەپكە بارماسلىقنى تىلەيدىغان، ئۆيدە تەكرار قىلىشنى ئىزدەيدىغان، يالغۇز قالغان ۋاقىتلىرىمدا ئۇنىڭ بىلەن مەكتەپتە قىلىشقان قىزىق ـ قىزىق ئىشلارنى ئەسلەپ خىيالەن ئۇنىڭغا قىيداپ، خىيالەن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدىم. مەن نىمە بولۇپ قالدىم؟ئەجەبا. . ئۇ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا دوستلىقتىنمۇ باشقا مۇناسىۋەتنىڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ياق، ياق، ئارتۇقچە خىياللاردا بولماي. . ئۇ قانچىكى مەن بىلەن يېقىن ئۆتمىسۇن مېنى پەقەت بىر دوستى ئورنىدىلا كۆرۈپ كەلدى. هەرگىزمۇ باشقىچە خىياللاردا بولۇپ باقمىدى. ئۇ ماڭا پاراللىل سىنىپلاردىكى بەزى چرايلىق قىزلارنىڭ گېپىنىمۇ قىلىپ بېرىدىغان تۇرسا، ، تېخى "قىز بالا دىگەن شۇنداق بولسا هە. . ئۆزىمۇ چرايلىق. . يېقىشلىق. . . سەندەك ئوغۇل مجەز ئەمەس. . "دەپ مېنى تېرىكتۈرۈپمۇ قوياتتى.

ئۇ مەكتەپتىن چېكىنگەندىن كېيىن مېنى بىر قېتىممۇ ئىزدىمىدى. بەزى كۈنلىرى پەقەت چىدىماي "بېشىڭنى يەيدىغان، مەندەك دوستىنى كۆرگۈسىمۇ كەلمىدىمىكىنە؟نىملا بولمىسۇن سىنىپقا كىرىپلا بىرىنجى بولۇپ مېنى ئىزدەيتتىغۇ. . "دەپ قىيداپ قالاتتىم . بىر ـ ئىككى قېتىم ئۇنىڭ مەندە قالغان نەرسىلىرىنى ئاپىرىپ بېرىش باهانىسى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغان بولساممۇ مەن بارغان ۋاقتىمدا ئۇ داۋاملىق ئۆيدە بولمايتتى. ئاپىسى ئۇنىڭ بىر سودىگەر تونۇشىنىڭ كەينىدىن ئانچە ـ مۇنچە تىجارەت قىلىۋاتقانلىقىنى، يامان ئەمەس ئۆتۈۋاتقانلىقىنى دەيتتى. مەن ئاپىسىغا ياردەملىشىپ تاماق ئېتىشىپ، ئۆيلىرىنى تازىلىشىپ بەرگىنىمدە ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن بەختىمنى تىلەپ دۇئا قىلاتتى. . .

ئالىي مەكتەپ ئىمتىهانىنى بېرىپ بولۇپ نومۇرلىرىمىز ئېلان قىلىندى. مەن مەكتەپ بويىچە يۇقۇرى نەتىجە بىلەن ئۆزەم ۋە ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئارزۇسى بويىچە تىببى ئونۋېرسىتىتقا قوبۇل قىلىنىپ چاقىرىق قەغىزىم كەلدى. تەبرىكلەپ، خۇش تىلەكلەرنى تىلەپ كېلىپ ـ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. يېقىن دوستلىرىم، ساۋاقداشلىرىم، ئوقۇتقۇچىلىرىممۇ بولمىغاندا تېلىفۇن ئارقىلىق بولسىمۇ ماڭا ئۇتۇق تىلەشتى. ئارزۇيۇم بويىچە نەتىجەمگە ياردىشا مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغانلىقىمدىن هەممە سۆيۈنۈشتى. بىراق. . ئۇ خۇددى "سۇغا چۈشكەن

تاشتەك "ئىز ـ دېرەكسىز غايىپ بولغان ئىدى.ئۇ مەكتەپتىن چېكىنگەندىن كېيىنلا قەلبىمدىكى ئۆزلۈكسىز داۋالغۇپ تۇرغان دوستلىق ھېسسىياتلار تەكتىگە قانداقتۇر نازۇك ھېسسىيات ئارىلا شقانلىقىنى ھېس قىلغان ئىدىم.ئەمدىلىكتا بولسا ئۇنىڭدىن قىيداپ،رەنجىش ھېسلىرىم ئۇنى سېغىنىش ھېسلىرىمغا قوشۇلۇپ مېنى تېخىمۇ بەك پاراكەندە قىلىۋاتاتتى.مەكتەپكە ماڭىدىغان ئەڭ ئاخىرقى كۈنىمۇ يېتىپ كەلدى.ئەتە ئۇرۇمچىگە قاراپ يولغا چىقىمەن.ئۆزەم ئارزۇ قىلغان،ئۆزەم سۆيۈدىغان كەسپتە ئوقۇش ئۈچۈن يولغا چىقىمەن. دادامنىڭ،ئاپامنىڭ مەندىن ئايرىلىشقا قىيماي يۇ شۇرۇن ياش تۆكۈپ يۇرگەنلىكىنى سېزىپ تۇرۇمەن. خو شاللىق ھېسلىرىمغا قوشۇلۇپ ئۇلاردىن ئايرىلىشقا چىدىماسلىق تۇيغۇلىرىمۇ مېنى قىينايتتى.كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر قېتىدا يەنە بىرسىگە ساقلانغان زارىققان سېغىنىش تۇيغۇلىرىمۇ مېنى تېخىمۇ بى سەرەمجان قىلىۋاتاتتى.ئەلۋەتتە قىيداش،رەنجىش قو شۇلغان بۇ خىلدىكى سېغىنىش ئازابى ھازىرقى بىسەرەمجانلىق ھېسسىياتلىرىمنىڭ ئەڭ تۈپكى ئاساسى ئىدى.

"ئەتە ماڭىمەن،تووۋا..ئۇ بۇ شەھەردە يوقمىدۇ؟مەكتەپتىن چېكىنىش بىلەنلا مەندەك بىر دوستىنىڭ بارلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان ئۇ بەدبەختنى يەنە نېمىشقا ئويلايمەن؟كېچە ـ كېچىلەردە ئۇنىڭ ھېلىقى مېنى ئىزاغا قويغان "تۇنجى سۆيۈۋالغان"كۆرۈنۈشىنى بىر خىل خىجالەتچىلىك ئىچىدە سېغىنىپ تۇرۇپ كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈمەن؟ئەجىبا..مەن راستىنلا ئۇنى..ياق.ھەرگىز بۇنداق خىياللارنى قىلمىغىن،ئۇ پەقەت سېنى دوستى ئورنىدىلا كۆرىدۇ.سەنمۇ ھەم ئۇنى شۇنداق كۆرۈپ كەلگەنلىكىڭ ئۈچۈنلا..."

_زۇلخۇمار،سىزگە تېلىفۇن بالام!_ئاپامنىڭ چاقىرغان ئاۋازى خىياللىرىمنى ئۈزۈپ قويدى.نىمىزقىدۇر يۇرىكىم كۈچلۈك سىلىپ كەتتى."كىمدۇ؟"

_ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

_ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام_ئاھ..يۇرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ تېلىفۇن تۇرۇپكىسى قولۇمدىن چۈشۈپ كېتىشكە تاسلا قالدى.

_ئاھاي..ھەجەپ ئەدەپلىك ھە سەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى.....ئۆلگۈرەلمەمدىمكىن دەپ بەك ئەنسىرىگەنتىم ھەر نىمە بولسا بار ئىكەنسەن.. ھەي تېزراق چىقە،بار گەپنى شۇ چاغدا قىلىشىمىز. بولە،سېنى ئۆزىتىپ قويىمەن دەپ ۋاقىت چىقاردىم جۇمۇ بىلسەڭ!!_ئۇ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ ئەھۋالمۇ سورىماي مېنى گەپمۇ قىلغۇزماي تېلىفۇننى قويۇۋەتتى.ئۆي ئىچىنى پىرقىراپ ئۇسۇل ئوينىغۇم،ئاپام ـ دادام،مەن بىلەن خوشلىشقا كەلگەن كىچىك ئاپاملارنى چوكۇلدىتىپ سۆيۈپ كۈچەپ ناخشا ئېيتقۇم كەلدى.ئۇنىڭغا بولغان شۇنچە قىيداش،نارازى بولۇش ھېسلىرىم ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاياقلارغىدۇر

ئۆچۈپ كەتتى. مەن ئاپامغا يېقىن دوســــتلىرىمنىڭ مېنى ئۆزىتىپ قويۇمىز دەپ تاماققا چاقىرغانلىقىنى بارمىســـــام بولمايدىغانلىقىنى دەپ ئالداپ قويۇپ ئالدىراش ـ تىنەش تەيارلىق قىلدىم ـ دە ،قەپەزدىن بوشـــــغان قۇشـــتەك ئەركىن هالدا ئۇ تەكلىپ قىلغان يەرگە قاراپ ئۇچتۇم. . .

ئەس ـ هوشــىز پەلەمپەيلەردىن نەچچىنى بىر تاقلاپ سـەكرەپ تۆۋەنگە چۈشـسـەم ئۇ بىزنىڭ قورۇنىڭ ئالدىدىكى كوچىدا مېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ.
ـ قانداق ئەهۋالىڭ؟
_ئەهۋالىمنى سوراش كېتەمدۇ.ياخشى بولمىسام قېشىڭغا كېلەلەمتىم؟_ئۇ چىرايىنى هەييارلارچە ئۆيىنىتىپ قويۇپ جاۋاپ بەردى.
_مەن تېخى سېنى. . .
_هە. .مېنى ئۆلدىمىكىن دىگەنمىتتىڭ؟؟هى هى قارا بۇ ئۇشـــشـــۇقنى. . ئالىي مەكتەپكە ئۆتسەممۇ مېنى يوقلاپ كەلمىدى دەپ رەنجىپ قاپسەنده هە؟خاپا بولما. . مەنمۇ شۇ ئوقەت قىلىۋاتىمەن.پۇل تېپىش تەسەۋۋۇرۇمىزدىكىدەك ئۇنداق ئاددى ئەمەس ئىكەن.
ـ هازىر قانداقراق؟
_هازىرما؟ياخشـــــى. .قارا مانا. ._ئۇ بۇرۇنقى ئارامبەخش كىيىملىرىنىڭ ئەلســـــچە قاتۇرۇپ كىيىۋالغان كاستيۇم ـ بۇرۇلكىسىنى شەرەت قىلىپ پاراققىدە كۈلۈۋەتتى.
_هى هى . .شۇ بايا تونۇمىغلى تاسلا قاپتىمەن. چوڭ باللاردەك بولۇپ قاپسەن.
گەپ بىلەن ئۇ نىڭ باشـــلىشـــــى بىلەن ۋۇۋىســـــكىلىرى ئالاهىدە بولغان چوڭ بىر ســــۇغۇق ئىچىملىكخانىگە كېلىپ توختىدۇق.
_بۇ يەرگە كىرەمدۇق؟
_هەئە ،ياقتۇرمامسەن؟
ـ ياق ،ئەمدى مەن. .بۇ. ._مەن نىمە دىيىشىمنى بىلمەي ئاددىغىنە ئوقۇغۇچى سۇپەت ئۇستى ـ بېشىمغا قاراپ قويدۇم.
_هە. .كىيىملىرىم ماس كەلمەمدىكىن دىمەكچىمۇســەن؟هىچقىســى يوق، باشـقا هىچكىم يوق. مەن ئورۇن زاكـــاز قىلــپ قويــدۇم.خۇمــارخــان. .ســـــېنى ئۆزەم ئـــايرىم ئۇزىتــپ قويــاي دىدىمغۇ. .قانداق؟_ئۇ شوخلۇق بىلەن كۆزىنى قىسىپ قويدى.
_بولىدۇ. .خالايمەن ئۇكام. ._مەنمۇ ئۇنىڭ چىشـــغا تېگىپ ســـوزۇپ جاۋاپ بەردىم.هېلىقى ئىشتىن كېيىن ئۇنى بۇنداق چاقىرىشىممۇ تۇنجى قېتىم ئىدى.

_نىمە دىدىڭ؟_ئۇ شارتتىدە قەدىمىنى توختىتىپ ماڭا بۇرۇلدى،مېنىڭ چۆچۈپ تۇرۇپ قېلىشىمغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ يېقىن كېلىپ پەس ئاۋازدا_ھى ھى..ھېلىقى ئىشنى سىغىندىڭمۇ، ،بولمىسا دىمەيتتىڭ بۇنداق دەپ_دىدى.

- ساراڭ،بىزەڭ_مەن تېرىككىنىمچە ئۇنىڭ مۇرىسىگە مۇشتىلىدىم_بۇنداق دىسەڭ رەنجىيمەن جۇمۇ..كېتىمەن

_ئوھۇ..تاۋى نازۇك خېنىم..بولدى خاپا بولماڭە،چاخچاق قىلىپ قويدۇم._ئۇ راستىنلا مېنىڭ كېتىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ قولۇمنى ئىتتىك تۇتىۋالدى_دە،مېنى تارتىپ ئۆزى زاكاز قىلىپ قويغان ئايرىم خانىغا ئېلىپ كىردى.

گەپلىرىمىز تۈگىمەيتتى...ئۇ يەنە شۇ بۇرۇنقى شوخ،سۆزمەن ئەسلىگە قايتقان ئىدى،ئېغىزى بېسىقماي سۆزلەپ ماڭا ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان ئوقتى،تارتقان پايدا-زىيانلىرى،چەككەن رىيازەتلىرى،ياخشى كىشىلەرگە ۋە يامان كىشىلەرگە يولۇققانلىقلىرى توغرىسىدا يۇمۇرىستىك سۆز-ئىبارىلەر بىلەن سۆزلىمەكتە..مەن خۇددى ئۇزۇن يىل يۈتتۈرۈپ قويغان بىباھا گۆھىرىمنى قايتا تېپىۋالغان ھىسسىياتتا ئۇنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆز-ھەركەتلىرىنى كۆڭۈل ئېكرانىمغا،سىماسىنى كۆز قارچۇقۇمغا ئېلىۋالماقچى بولغاندەك پۈتۈن دىققىتىم بىلەن مەپتۇن بولۇپ ئولتۇراتتىم.

_خۇمار،ساڭا كۆپ رەھمەت!!ئاپامنى پات-پات يوقلاپ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ تۇرۇپسەن.

_ئۇنداق دەپ كەتمە،بىز دىگەن يېقىن دوست تۇرساق.سەنمۇ ھەر قانچە ئالدىراش بولساڭمۇ ئاپاڭنى پات-پات يوقلاپ تۇرغىن .يوقاپ كەتمىگىن،

_ماقۇل،چوقۇم شۇنداق قىلىمەن.

ۋاقىت بىر يەرگە بارغان ئىدى.مەن قايتىشىم كېرەك..گەرچە ئۇنىڭ بىلەن بۇ مۇڭدىشىشقا قانمىغان بولسامىمۇ بىراق ئەتە ماڭىدۇ دەپ .ئۆيدىكىلەرمۇ يولۇمغا قاراپ تۇرۇدۇ ئەمەسمۇ..

_خۇمار.._ئۇ تۇيۇقسىز قولۇمنى تۇتتى.

مەن چۆچۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم،ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ كەتكەندەك تېنىم "جىغغىدە"قىلىپ كەتتى.ئۇ ئوڭايسىزلانغان بىر خىل كەيپىيات بىلەن يەنە ئىتتىك قولۇمنى قويىۋەتتى-دە؛

_ياخشى ئوقىغىن،يامان قىزلار بىلەن ئارىلاشمىغىن،ئوقۇشىڭنى نەتىجىلىك پۈتتۈرۈپ كەلگىن_دىدى.

شۇنداق قىزغىن،خوشال كەيپىيات بىلەن كىرگەن بولساق ئەمدى بىر خىل ئېغىر قەدەملەر بىلەن قايتىپ چىقتۇق.ئۇنىڭ تېخى باياتىنقى كۆتۈرەڭگۈ روھىدىن ئەسەر قالمىغان بولۇپ

گەپ قىلماي يېنىمدا ياندىشىپ كېتىپ باراتتى. شۇ تەرىقىدە ئۆينىڭ دوقمۇشىغا كەلدۇق. مەن بوشىلىشىپ قىيالماسلىق ھىسلىرىم بىلەن ئارقامغا ئۆرۈلدۇم. ئۆرۈلۈشۈم بىلەن ئۇ ئەندىلا ئاجراتقان قولۇمنى مەھكەم قىسىپ تۇرۇپ مېنى ئۆزىگە تارتتى ۋە پەس ئاۋازدا "خۇمار، سېنى بىر قۇچاقلاپ قوياي بولامدۇ؟" دېدى. ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ كۆزلىرىمگە "لۆممىدە" ياش كەلدى. ئۈن- تىنسىز ئۇزۇن ملك باغرد غا تاشلاندىم. ئۇ مېنى چ ملك قۇ چاقلاپ تۇرۇپ پىچىرلىدى "سېنى مەڭگۈ ئەسلەپ تۇرىمەن. ياخشى ئوقىغىن"

_مەن كىرىپ كېتەي!

_بولىدۇ خەيىر ئامان بولغىن!!

بىنانىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ كېتىۋېتىپ ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قارىسام ئۇ ئورنىدا مىدىر- سىدىر قىلماي قاتۇرۇپ قويغاندەك تۇراتتى.....

قايىنام- تاشقىنلىققا تولغان ھاياتنىڭ ئەڭ تېز سىزمىلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان ئۈرۈمچىگە كەلگىنىمگىمۇ 2 ئايدىن ئېشىپ قالدى. مەكتەپكە مېڭىش ئالدىدىكى ئاپام بىلەن ،ئۇرۇق- تۇققان ،دوست- بۇرادەرلىرىم بىلەن خوشلاشقاندىكى ھالەتلەرنى تەپسىلى تەسۋىرلەپ ئولتۇرمىساممۇ ھازىر بۇ ھەممىگە ئايان. بىراق دىمەسلىككە پەقەت كۆڭلۈم يول قويمايدىغان بىر كۆرۈنۈش شۇكى مەن تاكى ئاپتۇبۇس ئورنىدىن قوزغىلىپ شەھەردىن ئۇزاپ چىققانغا قەدەر بويۇنۇمنى سوزۇپ تۇرۇپ بىر ئادەمنىڭ يولىغا شۇنداق تەلمۈردۈم. ئاخشامقى ئۇنىڭ باغرىدىغا تاشلانغان ۋاقىتتىكى يۈرەك سوقۇشلىرىم ھېلىمۇ ھەر بىر ئېسىمگە كەلگەندە خۇددى تۈنۈگۈنكى تىۋىشلاردەكلا بىلىنىدۇ ماڭا...بىراق..ئۇ كەلمىدى..

دادام مېنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن تۇنجى قېتىم مۇستەقىل تۇرمۇشۇمنى باشلىدىم. ئۆينىڭ كىچىكى بولغاچقىمۇ ھەممە ئىشتا ئاپام- دادام ۋە ھەدەمگە تايىنىپ تازىمۇ ئۆگەنگەن ئىكەنمەن. بەزىدە مۇستەقىل تۇرمۇشقا چۆكۈپ باقمىغان كىشى ئۈچۈن قولىڭىزدا پۇلىڭىز بول سىمۇ ئوڭ شاپ خەجلەشنى ،ئىشلىتىشنى بىلەلمەي قىينىلىدىغان كۈلكىلىك ئىشلار بولۇپ تۇرىدىكەن. شۇنىڭغا قارىغاندا ئىقتىسات جەھەتتە بىزدىن خېلىلا كۆپ يىللار تەرەققى قىلىپ ئىلغار سەۋىيەگە يەتكەن چەتئەللىكلەرنىڭ بالىلىرىغا كىچىكلا تۇرۇپ مۇستەقىل پىكىر قىلىش، ياشاش جەھەتتە قاتتىق تەلەپ قويغىنى ناھايىتىمۇ توغرا ئىكەن. مانا مۇشۇنداق قىلىپ مەنمۇ ئاستا- ئاستا كۆندۈم. تەبىئى ھالەتتە ھەل قىلالمىغان كىچىككىنە بىر ئىشلار ئۈچۈن كۆزۈمنىڭ سۈيىنى چىقىرىپ تېلىفون بېرىپ ئاپام- دادىلارنىڭ ئارامىنى بۇزۇۋشلىرىممۇ ئازلاشقا باشلىدى. كىچىك ۋاقتىمدىنلا قورۇيىمىزدىكى خەنزۇ بالىلار

بىلەن ئويناپ چوڭ بولغاچقا ھەم مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىنمۇ خەنزۇ تىلىغا ئىشتىياق بىلەن كۆچ چىقارغانلىقىم ئۈچۈنمۇ بۇ تەييارلىق يىلىدىكى خەنزۇ تىلى دەرسىنى مەن ئۈچۈن قىيىن بىلىنمىدى. ھەم نەتىجەمنىڭ ياخشى بولۇشى سىنىپتا بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە قىلىپ ئۆگىنىش ھەيئىتى بولۇپمۇ سايلاندىم...

سىنىپىمىزدا غۇلجىلىق بالىلاردىن ئۈچلا ئىدۇق . شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن بالىلار بىلەنمۇ تېزلا چىقىشىپ كەتتىم.(مىجەزىم ئوچۇق-يورۇق،تۈز بولغانلىقىنىڭ پايدىسى بۇ)كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈۋاتقاندا، سىنىپتا يالغۇز قالغان ۋاقىتلاردا مېڭەمدىكى بىر كۈن ئاۋال داغدۇغا بىلەن مەن بىلەن خوشلىشىپ ئەتىسى قارىسىنى كۆرسەتمىگەن "ئۇ"نى ئويلاپ قالاتتىم. سىنىپىمىزدا مايتاغلىق بىر بالا بولۇپ ئۇنىڭ كۈلۈشلىرى،گەپ قىلىشلىرى،ناخشا ئېيتىشلىرى ئۇنىڭغا ئوخشاپ قالاتتى. مەن ئۇ بالىغىمۇ بىر نەچچە قېتىم"سىز مېنىڭ بىر دوستۇمغا بەكمۇ ئوخشايسىز "دىگەن ئىدىم.

سىنىپ ھەيئىتىمىز ئۆرۈمچىلىك ئالىم دىگەن بالا بولۇپ ئۆزى بەكلا كېلىشكەن.دەرستىمۇ ياخشى،ئالاھىدە ياسىنىپ يۈرۈيدىغان بالا ئىدى. سىنىپتىكى "ئىمتىيازىمىز "تۈپەيلىمۇ ئەيتاۋۇر باشقىلارغا ھاكاۋۇر ،سوغۇق كۆرۈنىدىغان بۇ بالا ماڭا خېلىلا يېقىنچىلىق قىلاتتى. ئۇ كەينىمدىكى پارتىدا ئولتۇراتتى.كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتىدا تولا يېنىمغا ئولتۇرۇۋېلىپ ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى توغرىلىق سۆزلەپ بېرەتتى.ئۇنىڭ مۇھەببىتى تېخى تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئىككىنجى يىللىقىدا ئوقۇيدىغان كىچىك قىز ئىكەن.شۇنداق بولسىمۇ ئۇ قىز بەكلا شوخ بولۇپ ئالىم ئۇنى باشقۇرۇپ بولالماي ئاۋارە ئىدى. ھەم يەنە ھە دىسە ئۇنىڭغا ئۇنى،بۇنى ئېلىپ سوۋغا قىلىپ يۈرەتتى. ئالىمنىڭ تاشقى قىياپىتىگە قارىغان كىشى ئۇنى ھەرگىزمۇ بىر قىزنىڭ ئوتىدا ئۇنداق كۆيۈپ-پىشىپ يۈرمەيدۇ دەپ ئويلايدۇ. ئۇ سىنىپتا بولسۇن باشقا يىللىقلاردا بولسۇن ئۆزىگە مەپتۇن شۇنچە قىزلارغا قىيا نەزىرىنى سالماي يوغانچى يۈرەتتى.بىراق مۇھەببەت دىگەن شۇنداق يامان نەرسە بولسا كېرەك..كىچىككىنە بىر قىز ئۇنى شۇنداق ئىندەككە كىرگۈزۈۋالغان ئىكەن.

يېڭى يىلغا ئاز قالغان بىر كۈنى ئالىم ئۇ قىزغا سوۋغات ئالىدىغان بولۇپ مېنى بازارغا بىللە چىقىپ تاللىشىپ بېرىشىنى ئېيتىپ تۇرۇۋېلىۋالدى. ئۇنىمىسام بەكلا زورلاپ ئاخىرى يۈز كېلەلمەي بوپتۇلا دەپ بىللە چىقتىم.بىز ئۇنىڭ بىلەن ئۇ قىزنىڭ مىجەز-خۇلقى،قىزىقىشى توغرىلىق پاراڭلىشىپ كېتىپ بېرىپ قىزلارنىڭ تۇرمۇش بۇيۇملىرى بار بىر دۇكاننىڭ ئالدىغا كەلگەندە كىرىپ ئايلىنىپ باقايلى دەپ ئۇ ئالدىدا مەن كەينىدە شۇنداق مېڭىشىمغا يۈرگىم

كۆزۈمگە چېلىققان بىر تونۇش سىمادىن"قارىتتىدە"قىلىپ كەتتى. شۇ دەقىقە ئۇنىڭمۇ كۆزلىرى كۆزۈم بىلەن ئۇچراشتى.ئۇ ئىككى ـ ئۈچ تاقلاپلا قېشىمغا كەلدى:
_زۇلخۇمار..بۇ راستىنلا سەنمۇ...
_مەن... سەن بۇ يەردە نىمە قىلىۋاتىسەن؟
_بىر ئىش بىلەن تېخى بايىلا كېلىشىم ئىدى.
_قانداقراق تۇردۇڭ؟ئاقىرىپ كېتىپسەن،بىراق ئۇرۇقلاپ قالدىڭمۇ نىمە؟
_مەن..._زارىققان ھىسسىلىرىم بوغۇزۇمغا كەپلىشىۋالدىمۇ ئەيتاۋۇر گېپىم ئاچچىق ،قىرتاق بىر سېزىم بىلەن كۆزلىرىمگە ياش كېلىپ كەتتى .
_زۇلخۇمار،قاراڭ مۇشۇنداق نەرسىلەرنى سىز ياخشى كۆرسىز ھە..نىمانداق كىرمەي قالدىڭىز؟_ئالىم قولىدا قانداقتۇر بىر كارىۋاتقا ئاسىدىغان ئاۋاز چىقىدىغان ئويۇنچۇقنى كۆتەرگىنىچە دۇكاندىن سۆزلىگەن پېتى چىقىپ قېشىمغا كەلدى.مەن چۆچۈپ شەپقەتكە قارىشىم ئۇنىڭ چۈشىنىكسىز بىر تۈيغۇلار چاقنىغان كۆزلىرى بىلەن كۆزۈم ئۇچراشتى.دەقىقە ئىچىدە ئۇنىڭ چىرايىنىڭ قارىداپ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى ،بىر ئالىمغا،بىر ماڭا قارىغىنىچە رەشىك قاپلىغان كۆزلىرىنى ماڭا مىختەك تىكىپ مېيىغىدا ئاچچىق كۈلگىنىنى كۆرۈپ ھوشۇمدىن كېتەي دەپ قالدىم.
_ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم،ئەسلى تونۇشىڭىز ئۇچراپ قاپتىكەندە سىزنىڭ.. نىمىشقا كىرمىگەندۇ دەپ قاپتىمەن تېخى..
_ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام_شەپقەت بوشقىنە قايتۇرما سالام قىلىپ ئوڭايسىزلانغان ھالدا_زۇلخۇمار ساۋاقدىشىم بولىدۇ. بىر ئىش بىلەن كەلگەن ئىدىم.بۇ يەردە بۇ قىزنى ئۇچرىتىپ قېلىپ ئەھۋالىشىپ قالدۇق_دىدى.
شۇنداقمۇ؟ سىز قايسى مەكتەپتە ئوقۇيسىز؟
_مەن ئوقۇمايمەن.بىكار تەلەت_شەپقەت سوزۇپ تۇرۇپ شۇنداق دىگەچ ئالىمنىڭ ئۈستى ـ بېشىغا سەپ سېلىپ ئۆلگۈردى.

_ھە،مەن شۇ قىز دوستۇمغا بىر نىمە ئالاي دەپ ئايلىنىۋاتقان_ئالىم ھىچ نىمىدىن بىخەۋەر ھالدا شۇنداق دىيىشى بىلەن شەپقەتنىڭ رەڭگى تاتىرىپ كەتتى.مەن ئالدىراپ ـ تىنەپ گەپ قاتتىم:
_شەپقەت،بۇ سىنىپ ھەيئەتىمىز ساۋاقدىشىم ئالىم بولىدۇ.چۈش بوپ قاپتۇ،بىللە تاماق يەيلى تونۇ..

_ياق بولدى، رەھمەت.. مەن ئالدىرايمەن. كۆرۈشمىدىغان يېرىم بار_ئۇ گېپىمنىڭ ئايىغى تۈگمەيلا گېپىمنى بۆلۈۋەتتى، _خوش كېيىن كۆرۈشەرمىز. مەن ماڭدىم.
ئۇ بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى. ھاڭۋاققان ھالدا ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ شۇنچە تېز كەينىگە بىر ئۆرۈلۈپ قاراپمۇ قويماي كىشىلەر توپى ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.
_زۇلخۇمار، نىمە بولدىڭىز؟ ھوي.. يىغلىدىڭىزما؟ ئۇ زادى كىم؟ نىمىشقىكە سىزگە ئۇنداق سوغۇقلۇق قىلىدۇ؟ _ئالىمنىڭ سورىغان سوئاللىرى قۇلىقىمغا كىرمىدى. پەقەت "ئۇ خاتا چۈشىنىپ قالدى" دەپ پىچىرلىغىنىمچە روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك "لاسىدە" بولۇپ نىشانسىز ھالەتتە مېڭىشقا باشلىدىم...

مەن ئەتىسى، ئۆگۈنى ئۇنى كۈتتۈم توپ ـ توغرا بىر ھەپتە ئۇنى كۈتتۈم. ئۇنىڭ بۇ شەھەردە ئوقۇۋاتقان ئاغىنىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىزدەپ بېرىپ ئۇنى سۈرۈشتۈردۈم. بىراق ئۇ ھېچقايسىسىنىڭ قېشىغا بارماپتۇ...
قىشلىق تەتىل..
يۈرىكىمگە سانسىز ئارمانلارنى قاچىلاپ كەلگەن ئاشۇ تەتىلدىكى ساۋاقداشلار يىغىلىشى مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. مەن ھەممىدىن بۇرۇن بېرىۋاپتىمەن. تەتىلدە كەلگەندىن بېرىمۇ ئۇنى ئۇچرىتالمىغان ئىدىم. بۇ ساۋاقداشلار يىغىلىشىغا دوستۇم مېھرىباننىڭ دىيىشىچە ئۇ ئاغىنىسى مۇرادىلغا چوقۇم كېلىمەن دەپتۇ. كۆڭلۈمدە بوگۈنكى بۇ ئولتۇرۇشتىن قايتقاندىن كېيىن ھەممە ئىزا ـ قورۇنۇشلارنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ ئۇ ئېغىز ئاچمىسا مەيلى ئۇنىڭغا كۆڭلۈمنى ئىپادىلەش قارارىغا كەلگەن ئىدىم. ئۇنىڭدىن ھەققى يوسۇندا ئايرىلىپ ياشىغان مۇشۇ نەچچە ئاي ئىچىدە مەن ئۇنىڭغا بولغان شۇنچە قىزغىن، شۇنچە تاتلىق ھىسلىرىمنىڭ پەقەت دوستلۇقلا ئەمەس بەلكى مۇھەببەت ھىسسىياتى ئىكەنلىگىنى چوڭقۇر ھىس قىلىپ يەتكەن ئىدىم. كۆزۈم ئىشىكتە... مەن قانچىكى ساقلىغانسىرى ئۇ كەلمەيۋاتاتتى.. ئاساسەن ھەممەيلەن يىغىلىپ بولۇپ ئولتۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن ئىشىك ئېچىلىپ ئۇ كىرىپ كەلدى.. ئۇنىڭ سىماسىنى كۆرۈش بىلەن ئويناپ كەتكەن يۈرىكىم ئۇنىڭ يېنىدىكى پاكارغىنە كەلگەن بوغداي ئۆڭ ئاقسا ياسىنىۋالغان قىزغا كۆزۈم چۈشۈشى بىلەن بىر خىل شىددەت سوقۇپ كەتتى. ئۇ قىز ئۇنىڭ بىلىگىدىن مەھكەم قولتۇقلىۋالغان بولۇپ خۇددى قولتۇقلاپ ماڭمىسا يىقىلىپ كېتىدىغاندەك ياكى ئۇنى قويۇۋەتسىلا ئۇ قېچىپ كېتىدىغاندەك بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلگەندىمۇ ئۇنى قويۇۋەتمەي تۇردى.

كۆزلىرىمىز ئۇچراشتى..مەن ئۇنى قولتۇقلىۋالغان قوللارنىڭ ماڭا تەككەن زەربىسىدىن قۇتۇلالمىغان ھالدا،ئۇ ئوڭايسىزلانغان ھالدا جىلمىيىپ قويدى.. ياتلار قاتارى"قانداق ئەھۋالىڭ؟دېيىشىپلا قويدۇق.."ۋاي توۋا..مۇشۇنداقمۇ ئىشلار بولىدىكەن؟ئادەم دىگەننىڭ بىرسى بىلەن تونۇشۇپ يېقىن بولمىقى شۇنداق تەس،يىراقلىشىپ ياتلاشمىقى شۇن قەدەر ئاسانلا ئىكەن. " ساۋاقداشلىرىمىزمۇ بىر خىل ئېغىر كەيپىياتتا .ياق بەلكى ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەڭقىسلىقتا قالغاندەك بولۇشۇپ قالدى.دوستۇم مىھرىبان قۇلىقىمغا"ھەرگىز چاندۇرمىغىن،ئۆزەڭنى خوشال تۇتۇپ ئولتۇر"دەپ پىچىرلىدى."قىززىق ئىش،،بۇنداق دەيدىغانغا شەپقەت مىنىڭ مۇھەببىتىم..يا بۇرۇن يۇرۇپ ئايرىلىپ كەتكەن بولمىساق..بىز پەقەت دوست بولۇشۇپلا ئۆتكەن.ھېچقاچان مۇھەببەت توغرىلىق پاراڭلىشىپ باقمىغان،شۇنداقلا مەنمۇ ھېچكىمگە ئۇنىڭغا بولغان ھىسسىياتىم توغرىلىق سۆز ئېچىپ باقمىغان،شۇنچە يېقىنىم بولغان مىھرىبانغىمۇ ھەم شۇنداق"مەن شۇلارنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈپ ئۆزەمنى ئازراق تۇتىۋالدىمدە ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدۇم.

بىر قاتار سۆزلەردىن كېيىن تانسا مۇزىكىسى چېلىپ تانسا باشلاندى...

بېشىمنى كۆتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمىغان ھالدا يەرگە قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىمەن. ۋاقىت دىگەن ھەممە نىمىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىكەن.مەكتەپ پۈتتۈرگىنىمىزگە بىر مەۋسۇم بولا ـ بولمايلا ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ تەڭدىن تولىسى جۈپ تېپىشىپ ئۈلگۈرۈپتۇ .يەنە تېخى ساۋاقداشلار ئارا مۇھەببەت قايىنىمىغا غەرىق بولغانلاردىن خېلىلا كۆپكەن.. بېشىمنى كۆتۈرۈپ زادى بۇ تۇنجى تانسىدا چوقۇم مۇھەببىتى بىلەن ئوينايدۇ دىگەن قائىدىگە قاتتىق ئەمەل قىلغۇچى بەختلىكلەرنىڭ تانسىسىنى كۆرۈشكە ئەسلا رايىم يوق ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چوقۇم شەپقەت ئۆزىدىن خېلىلا پاكار بولغان گەپ ـ سۆزلىرىدىن تارتىپ ياسىنىپ،گىرىم قىلىشلىرىغىچە جەمىيەت تېپىدىكى قىزلارنىڭ ئوبرازى بولغان بەختلىك قارا قۇمچىقنى بىلىدىن قورۇپ تۇتقان ھالدا تانسا ئوينايدۇ.ياق،ياق..مەن قانداقمۇ ئۇلارنىڭ تانسىسىنى بەھۇزۇر كۆرۈپ ئولتۇرالىغۇدەكمەن؟...خىياللىرىمنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي تۇرۇپلا ئالدىمغا تەڭلەنگەن قولدىن چۆچۈپ كەتتىم.ئىتتىك بېشىمنى كۆتۈرۈپ قولنى سۇنۇپ مېنى تانسىغا تەكلىپ قىلىپ تۇرغان شەپقەتنى كۆردۇم.

_قوپە..بىرىنجى قولدا ئەڭ يېقىن دوستۇم بىلەن ئوينايمەن دەپ كەلدىم..._ئۇ يېقىملىق كۈلكىسى بىلەن قولنى سۇنغىنىچە قاراپ تۇراتتى. شوخ كېپىنەكتەك ئۇچۇپ ئۇنىڭ ھەر بىر قەدىمىگە ماسلىشىپ ھەممىنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتتەلەيدىغان پۇتلىرىم جانسىزلىنىپ ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ قولىغا قولۇمنى قويدۇم...

ئۇ بىلمىدىن تۇتۇپ قولۇمنى مەھكەم قىسقىنىچە پىرقىراشقا باشلىدى.مەن پۈتۈن ئىختىيارىمنى ئۇنىڭغا تاشلىغان ھالدا ماسلىشىپ پىرقىراۋاتىمەن... كۆز ئالدىمىدىن ساۋاقداشلىرىم،سوروۇن،قارا ـ قۇمچاق پاكار قىز تامام ئۇچقان ئىدى.. مەن پەقەتلا ئۇ ..بۇ دۇنيادا..بىر ساماۋى دۇنيادا پەقەت ئىككىمىزلا بار ئىدۇق.....ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ يېنىك تىترەۋاتقانلىقىنى،بېلىمنى تۇتقان قوللىرىدىكى بارغانسېرى قورۇپ تۇتۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتىم...بىراق ئۇمۇ،مەنمۇ سېھىرلىنىپ گاچا بولۇپ قالغان ئادەمدەك ئۈندىمەيتتۇق،پەقەت كۆزلىرىمىز سۆزلەۋاتاتتى..كۆزلىرىم ئۇنىڭغا "ئەبلەخ،نىمىشقا بىرسىنى باشلاپ كىرىسەن؟مېنى نىمىشقا ئازاپلايسەن؟"دىسە..ئۇنىڭ كۆزلىرى"ئىككىمىزنىڭ تۇتقان يولى ئوخشىمايدۇ،مەن ساڭا ماس كەلمەيمەن.سەن دىگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى.مەن دىگەن جەمىيەتكە چىقىپ بولغان ..ھەم ھەر جەھەتتىن سەندىن تۆۋەن تۇرىمەن.مەن مۇشۇ يولنى تاللاشقا مەجبۇر "دەيتتى.كۆزۈم"ساراڭ بولما..مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن"دىسە ئۇنىڭ كۆزى"ھا،ھا،،مېنى ئاخماق كۆرۈۋاتامسەن؟ھېلىقى ۋاقىتتىكى يېنىڭدىكى كېلىشكەن يىگىتنى قانداق چۈشەندۈرۈسەن؟ئۇ قىز دوستۇم دەپ سېنى دىدىڭمۇ..ھەجەپ تېز ھە...سېنىڭ ئۇنداق تېز بىرسىگە كۆڭۈل بېرىپ يۈرىشىڭنى ئويلىماپتىكەنمەن"دەيتتى."ياق،سەن خاتا چۈشىنىپ قالدىڭ..ئۇ پەقەت ساۋاقدىشىم"دىسەم ئۇ "بولدى ئۆزەڭنى ئاقلىما،سېنىڭ تاللاش ھوقۇقىڭ بار،مەن ھېچنىمىگە ئەرزىمەيمەن"دەيتتى........

ئاھ... شۇ كۈندىكى ئاشۇ تۇنجى قول تانىسىنى مېنىڭ بىلەن ئوينىشى ئۇنىڭ يۈرەك سىرلىرىنى ماڭا ئاشكارە قىلغىنى بولۇپ قالدى.كېيىنكى قوللاردا ئۇ پەقەت ھېلىقى قارۋاي پاكىرى بىلەنلا ئوينىدى،تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئۇ قىزنىڭ ماڭا ئۆتكۈر رەشىك،ئۆچمەنلىك نەزىرى بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالاتتىم ....

بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى.بۇ ئەتىلدە مەن قانداقلىكى ۋاقىتتا ئۇنى ئىزلىمەي ئۇنى تاپالمىدىم...بىز پەقەت ئاشۇ ساۋاقداشلار يىغىلىشىدا بىر قوللا تانسا ئوينىدۇق

مەن مەكتەپكە قايتىپ كەلدىم.بۇ قېتىمقى ئەتىل ماڭا ئۆزەم ئويلىغاندەك كۆڭۈل ئازادىلىك،تاتلىق كۈيلەرنى ئاتا قىلمىدى.ئەكسىچە يۈرىكىمگە چوڭقۇر بىر قىيداش ئارىلاش ئازاپ ئاتا قىلدى.مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پۈتۈن زېھنىم بىلەن ئۆگىنىش قاينىمىغا چۆكۈپ كەتتىم.بۇرۇنقى شوخ،تىنىمسىز زۇلخۇمار كەمسۆز،خىيالچان بىر "كىتاپ خالتىسى،ئۆگىنىش سارىڭى"غا ئايلانغان ئىدى. ئۇنى ئويلىمىدىم دىسەم يالغان بولار..كەچلەردە بىر كۈنلۈك تۇرمۇش بېتىنى ئەتىكى بەتكە ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇيقۇغا ئەل بولىدىغان پەيتلەردە ھامان بىر سۆيۈملۈك سىما يۈرىكىمنى غىدىقلايتتى..قانداقتۇر تاتلىق ـ

ئاچچىق ئەسلىمە،كۆرۈنۈشلەرنى ئاتا قىلاتتى. چۈش كۆرەتتىم،چۈشلىرىمدىن ئۈيغىنىپ ئۇندەرگەندەك گاڭگىراپ ھېلىلا چۈشۈمدە بېلىمدىن قورۇپ تۇتۇپ مەن بىلەن تانسا ئوينىغان"خۇمار،سېنى بىر قۇچاقلاپ قويايچۇ"دىگەن،"ئەمدى يەنە ئۇكام دىسەڭ سېنى سۆيۈۋالىمەن"دىگەن "ئۇ"نى ئىزدەيتتىم..بىراق ئۇ يوق..يوق...يوق......

ئۆزۈمنى ئۆزۈم تىللايتتىم.بۇنداق خىياللارنى قىلىپ ئۆزەڭنى ئازاپلاپ نىمانچە ئاخماقلىق قىلىسەن؟ئۇ دىگەن ئاللىبۇرۇن باشقىلارنىڭ ئادىمى.ئۇ ساڭا بىرەر قېتىم سېنى ياخشى كۆرىمەن دەپ باقتىمۇ؟ئۇ ئۇنداق دىمىگەن ئىكەن ئۇ پەقەت سېنى يېقىن دوست،پەقەت دوستى قاتارىدىلا كۆرۈدۇ..ئۇنىڭدىن ئۈمىدىڭنى ئۈز،،بۇنداق ياشاش ئەخمەقانىلىق..بۇ خىل يا شاش ھاياتىڭنى سازسىزلىغان پۇشايمانغا تولدۇرۇش بىلەن بىللە يەنە نۇرغۇن پۇرسەتلەرنى سەندىن قاچۇرۇۋېتىدۇ.....لېكىن بۇ كايىش،بۇ خىلدىكى جىملە شلەرنىڭ ئۇنۇمى قانچىلىك بولۇدۇ دەيسىز؟ ئەلبۇممىنى ئېچىپ ساۋاقداشلار بىلەن چۈشكەن رەسىم ئارىسىدىكى "ئۇ"نىڭ كۈلۈپ تۇرغىنىنى ،تولۇق ئوتتۇرنىڭ ئىككىنجى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقاندا يازلىق كانىكۇل ۋاقتىدا ساۋاقداشلار بىلەن چاپچالنىڭ ئەۋلىيا چوققىسىغا ئويناپ بارغان ۋاقىتتىكى ئۇنىڭ "شۇنچە چىرايلىق يەرگە ئويناپ كېلىپ بىرەر قىز بىلەن رەسىمگە چۈشمىسەڭ قانداق بولۇدۇ.قېنى ھەممىڭلار بىردىن قىز تالالاڭلار،مەن زۇلخۇمار بىلەن چۈشتۈم ئەمسە.."دەپ تۇرۇۋېلىپ ئىككىمىزنىڭ بىللە چۈشكەن رەسىمنى كۆرۈش بىلەن يەنە شۇ سېزىملار ئىلكىدە قالىمەن.ئۇنىڭدىن رەنجىيمەن..ئۇنى ئەڭ ئەسكى گەپلەر بىلەن تىللايمەن...تىللاپ ـ تىللاپ ئىچىم بوشىغاندەك بولامدىكىن دىسەم يەنە سانسىزلىغان"ئۇ"يۈرىكىمنى تىلغايدۇ....

شۇنداق قىلىپ كۈنلەر ئۆتتۈۋەردى. سىنىپ باشلىقىمىز ئالىم يەنىلا ماڭا شۇنداق قىزغىن،تېخى بۇرۇنقىدىنمۇ بەك يېقىنچىلىق قىلىدىغان بولۇپ كەتتى.سەۋەبى ئۇنىڭ ھېلىقى كىچىك مۇھەببىتى ئۇنىڭغا بوي بەرمەي "شوخلۇق'قىلىپ قويۇپ ئۇنىڭ يۈزىنى بەكلا تۆكۈپتۇدەك..ئۇنىڭدىن كۆڭلى قايتۇدەك..ئۇ تەسەللىگە،كۆيۈنۈشكە مۇھتاج ئىكەن..پەقەت مېنىڭ تەسەللى بېرىشىم ئۇنىڭغا ئارام بولىدىكەنمىش..قىززىق..مەن باشقىلارنىڭ يۈرەك يارىسىنى ساقايتىشقا مەلھەم بولسام ماڭا كىم كۆڭۈل بۆلگىدەك؟؟ئۇنىڭ ئۈستىگە شەپقەتنىڭ مېنى خاتا چۈشىنىپ قېلىشى دەل مۇشۇ ئالىمنىڭ سەۋەبىدىن تۇرسا...

كۈنلەر نىمدىگەن تېز ئۆتكەن.......

ئوقۇش ھاياتىمنىڭ ھەممە كۈنلىرىنى سىلەرگە بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەرسەم زېرىكىپ قېچىپ چىقىپ كېتىسىلەر بەلكىم.. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېيىنكى يىللىرىدا ئوقۇش بىسىمىنىڭ

ئېغىرلىقىدىن كۆندىلىك خاتىرەمنىمۇ كۆندە يېزىپ تۇرالمىدىم. بەلكى ئەھمىيەتلىك بولغان ماگا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرغان كۈنلەرنىلا قالدۇرۇپ قويدۇم.....
شـــۇنداق قىلىپ مەن ئوقۇشـــقا كەلگىنىمگىمۇ ئۈچ يىل بولۇپ قالدى.بۇ جەرياندا بىرىنچى يىلدىكى تەتىلدە تولۇق ئۆيگە قايتقىنىمدىن باشـــقا كېيىنكى يىللاردىكى قىشـــلىق تەتىلدە ئۆيگە قـايتمىــدىم. يـازلىق تەتىللەردىمۇ 10 ـ 15 كۈن ئۆيچۆرىســـــدىلا بېرىــپ تۇرۇپ كەلدىم.ئىنگلىس تىلى ۋە باشــقا قاتنىشــىشــقا ئۆگىنىشــكە تېگىشــلىك بولغان كۇرســلارغا قاتنىشـــىپ ئوقۇش ھاياتىمدا ئۆگىنىۋالايچۇ دىگەن بىلىملەرنى ئۆگىنىپ ماڭدىم.ئەلۋەتتە مۇشـــۇنـداق قىلىش ئـارقىلىق ئۆز يۇرتۇمــدىكى رىئـاللىقتىن قېچــىپ يۇرگىنىمنىمۇ ئىنكـار قىلالمايمەن. بەلكىم سىزمۇ ھىس قىلالىسىڭىز كېرەك..بۇ رىئاللىق مەندەك يۇرىكىگە دو سىتلىق قەدىمى بىلەن باشــلىنىپ مۇھەببەت مۇھرىنى چوڭقۇر باســقان قىزنىڭ كۆز ئالدىدا ياخشــى كۆرگەن ئادىمىنىڭ ئۇ زارىقىپ كۈتۈشــلەرگە قىلچە پەرۋاســىز ھالەتتە يۇرگەنلىگى،قىســقىســى ئۇچرىشـــىپ قالغان ۋاقىتلاردىمۇ ئاددىغىنە كۆرۈشـــۈپ قويۇش بىلەنلا چەكلەنگەنلىكى، ئارىلىشىۋاتقان قىزلىرنىڭ يېڭىلىنىپ تۇرغانلىقىدەك رىئاللىق ئىدى...
ئۇ جەمىيەتتىكى بەزى بــاللارنــىڭ تىپــك ئوبرازى بولۇپ قــالغــان ئىــدى. يەنى نىمە دەيمىز..ئۇنى ئاددى زاغرا تىلىمىز بىلەن"سۆيۈق،شـاللاق،مەنمەنچى.."دەپ تەسۋىرلىسـەك بولار.....بىراق..ئۇ قانچىكى شۇنداق بولمىسۇن ئۇنى ئۇچراتسام ھامان يەنە شۇ تاتلىق ســېزىم يۇرىكىمگە بوســـۇپ كىرىپ مېنى قىينايدۇ..دىمەك مەن يەنىلا ئۇنى ياخشـــى كۆرەتتىم..مانا بۇ رەت قىلغۇسىز ھەقىقەت... مانا بۇ تۇنجى مۇھەببەت ئىدى.
3 ـ يىلىمىزنىڭ يازلىق تەتىلىدە ئاپام رەت ـ رەت تېلفۇن بېرىپ مېنى قايتىپ كېلىشـــكە ئۈندىدى. دەل مۇشۇ 21 ـ 22 ياش ۋاقىتلار بالىلارنىڭ ئۆز شەخسىي ھەسسىياتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ ئاتا ـ ئانىلارغا بولغان ھىســسىياتى بىلەن ھىسـاپلىشـىپ كەتمەيدىغان كۆڭۈل يېرىم بولۇش ئازاپلىنىش دىســـە بىرىنچى بولۇپ مۇھەببەت جەھەتتىكى ئازاپلار گەۋدىلىنىپ باشقا ھەسسياتلار كۆمۈلۈپ قالىدىغان ۋاقىتلىرى بولسا كېرەك. نىمە شىكە دەمسىز؟ ئۆزەمنى ئېلىپ ئېيتسامۇ "كۇرسقا قاتنىشىمەن،بىلىم ئەگەللەيمەن"دىگەن يوغان قالپاقنى كىيىۋىلىپ ئۆيگە قايتىشـــقا تىرتەكلىك قىلىشـــىمۇ "ئۇ"نىڭ كۆز ئالدىمدىكى يۇرىكىمگە پىچاق تىققانغا تەڭ قىلىپ يۇرگەن ئىشلىرىدىن يىراق قېچىش بولماي نىمە؟؟بولمىسا مەن ئۆز يۇرتۇمنى،ئاتا ـ ئانا،ئۇرۇق ـ تۇققان،قېرىنداشـلىرىمنى سـېغىنمىدىممۇ؟ ئەلۋەتتە بۇ سـېغىنىشـلارنى ئاۋۇ ئازاپ يۇتىۋالغان گەپ.....ھەي...بەلكىم بوۋاي ـ مومايلارنىڭ باشـــلىرنى گىلدىڭلىتىپ تۇرۇپ "ھەي ياشــلىق..ھەي ياشــلىق.."دەپ ئارمان قىلىشــلىرىغا ئۇلارنىڭمۇ بېشــىدىن شــۇنداق

تاتلىق،ئاچچىق ۋاقىتلار ئۆتكەنلىكى،ئەسلىمە خاتىرىلەرنىڭ تەمىنى ھېلىمۇ تامشىۋاتقانلىقى سەۋەپ بولسا كېرەك...كىمدۇر بىرى "ياشلىقتىكى ئازاپنى ئەسلەشنىڭ ئۆزىمۇ بەك تاتلىق،شېرىن"دىگەن ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ ئاپامنىڭ تېلىفۇندىكى زارىغا چىدىماي بۇ يىلقى يازلىق تەتىلدىكى كۇرسقا قاتنىشىش پىلانىمنى ئۆزگەرتىپ يۇرتقا قايتتىم....

ئەھ ئانا يۇرتۇم غۇلجا..يازنىڭ ئىسسىق ئاپتاپ_تومۇزلىرى بولسۇن، سىم_سىم يامغۇرلىرى بولسۇن سېنىڭ باغرىڭدىكى يېشىللىق،گۈزەللىكنىڭ سېھرى كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ مېھرىلىك قوينۇڭدا چوڭ بولغان مەندەك بىر قىزىڭنىڭ قەلبىدىكى بار ھىسسىياتلارنى ماۋۇ قەلەملەرگە مۇجەسسەم قىلىۋاتىدۇ ..بىراق ئىمىسىنى ئېيتاي..سېنى تەرىپلەشكە،سەندىكى گۈزەللىكلەرنى ،يارقىن كۆرۈنۈشلەرنى تەسۋىرلەپ بېرىشكە مېنىڭ بۇ گال قەلىمىم ھەرگىزمۇ مۇۋاپىق كەلمىگۈدەك...بۇ تەسىر ،بۇ سۆيەتلەرنى يەنىلا تونۇلغان يازغۇچى شائىرلارغا قالدۇرۇپ شۇ تەتىلدىكى ئاساسى ۋەقەلىكلىرىمنى يېزىپ يەنە قايتىپ كېتەي!!

مەن قايتىپ كەلگەن ئىككىنجى كۈنى كەچتە دوستۇم مېھرىبان ئۆيگە كىرىپ كەلدى.ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇمچىدە داۋاملىق ئۇچرىشىپ تۇرىدىغانلىقىمىغا قارىماي ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىپ كەيىندىن كەلگەن بولغاچقىمۇ ئۇنى سېغىنىپ كەتكەن ئىكەنمەن. بىز ئېسىلىشىپ، سۆيۈشۈپ كۆرۈشۈپ ياتاق ئۆيۈمگە كىرىپ ئولتۇردۇق.

_ئاخىرى كەپسەندە..

_ھەئە..ئاپام بەك يىغلاپ_قاخشاپ تۇرىۋالدى.ئۇلار مېنى ئۇرۇمچىلىك بىرەرسى بىلەن تېپىشىپ قالدىمىكىن دەپ ئەنسىرىگەن چېغى.._مەن كۆزۈمنى قىسىپ قويدۇم.

_دىمىسەڭمۇ شۇغۇ.. ئالىم يىغلاپ ئۆزىتىپ قويغاندۇ سېنى ھە؟

_ۋاي ساراڭ..ئۇنىڭ بىلەن نىمە ئىشىم؟مەن يا ئۇنىڭ بىلەن يۈرمىسەم..

_بىراق ئۇ ساڭا راستىنلا مەپتۇن بوپ قاپتۇغۇ..ھەي ئاخماق،مەيلى ئەمەسمۇ..قارا ئۇنىڭ رەت قىلغۇدەك يېرى يوق.چىراي،پۇل دىسە پۇلى،ئۆگىنىشتىمۇ شۇنداق تىرىشچان...ماقۇل دەپ سەنمۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئۈرۈمچىدە قالساڭ بولمامدۇ؟

_نىمە دەيدىغانسەن؟باشقىلارغۇ چۈشەنمىسۇن..سەنمۇ چۈشەنمەمسەن مېنى.._مەن قىيدىغان ھالدا تۇمشۇقۇمنى سوزدۇم.

_چۈشىنىمەن خۇمارىم..سېنى چۈشەنگەچكە شۇنداق قىلسا ئازراق بولسىمۇ خىيالىي تۇرمۇشتىن قول ئۈزەمدىكىن دەۋاتىمەن.

_بولدىلا..مەن ئالدىرىمايمەن.

_قاچانغىچە ئالدىرمايسەن هويت خىنىم.. تاللاپ ـ تاللاپ تازغا ئۇچرىما يەنە...ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ ئالدى باللىق بولغىلى تۇردى..
_ها ها..نىمە دەيدىغانسەن..شۇنچە تېزما؟هە راست ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەي جەمىيەتكە چىقىپ كەتكەنلەردىن ئايشەمدىن باشقا توي قىلغانلار يوقتۇ؟
_بار.._نىمە ئۈچۈنكىن ئۇنىڭ ئاۋازى پەسلەپ كەتتى.
_مۇنداق دە..كىمۇ؟
_بۇ.._ئۇ نىمىگىدۇر تىلى قىسىلغان هالدا تۇرۇپ قالدى.
_ۋاي ـ ۋۇي..دىمەمسەن..هەجەپ ئىچىمنى سىقتىڭ...
_شەپقەت.._
"ۋاڭگىمدە"قىلىپ قۇلاق پەردەمگە بىرسى بىرنى قويغاندەك بولۇپ كەتتى.مەن ئولتۇرغان ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا تىكىلدىم؛
_بۇ....سەن...نىمە دەۋاتسەن..ئۇ..توي قىلىپتۇما؟يالغان ئېيتمىساڭ بولمامدۇ؟ماڭا چاقچاق قىلمىغىنە بۇنداق..
_راست خۇمار،ساڭا دىيىشكە رايىم يوق ئىدى. بىراق دىمىسەم هامان ئاڭلايسەن..قارا..كوچىغا چىقىپ ئاڭلىغىنىڭدىن بۇ يەردە ئاڭلاپ ئىدىيەڭدە تەييارلىق بولسۇن دىدىم. شۇ مەنمۇ مۇرادىلدىن ئاڭلاپ بەكلا هەيران قالدىم....
_كىم بىلەن؟_مەن بوشاشقان،ماغدۇرسىزلانغان هالدا ئولتۇرۇپ قالدىم.
_بەكلا تاسادىپى بوپتۇ.ئۇقەت قىلىپ قارىمايغا بېرىپتىكەن. شۇ يەردە بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ.قانداق بولدىكىن بىلمەيمەن نىرى ـ بېرى تارتىشىپ يۈرۈپ ئۇ قىز بۇ قېتىم ئۇنىڭ بىلەن بىللىلا قايتىپ كېلىپ ئۆيىگە كىرىپلىۋاپتۇ.ئاپىسى يىغلاپ ـ قاخشاپ ئاغىنىلىرىنى چاقىرىپ دىسە ئۇ قىز "قورسىقىمدا بار"دىگۇدەك.شەپقەتمۇ بېشىنى ساڭگىلىتىپلا تۇرغۇدەك......شۇنداق قىلىپ شۇ..ئەتە كەچ رىستۇراندا چاي بەرگۇدەك. ساۋاقداشلارنىڭ هەممىسىنى چاقىرىپتۇ..مۇرادىل سېنىمۇ بارسۇن دىگەنتى...
ئۇ يەنە نىملەرنى دىدى بىلمىدىم.پەقەت گەپنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلمەي تۇرۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قەهرىم بىلەن ۋارقىرىغىنىمنى، بار ئۈچۈمنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ بۇ خەۋەرنى ماڭا يەتكۈزۈپ كەلگەن گۇناهىغا قوغلاپ چىقىرىۋەتكىنىمنى غۇۋا ئەسلەيمەن...
ياتىمەن..كارىۋاتتا لايدەك ئېزىلىپ كۆزلىرىمنى پارقىراتقىنىمچە...كۆز ئالدىمدا بىردە شەپقەت كۈلۈمسىرىگىنىچە كېلىدۇ..بىردە هېلىقى قارا قۇمچاق قىز نىملا بولمىسۇن ئەڭ بىچارىسى سەن..مەنغۇ ئۇنىڭ بىلەن يۈردۈم.سەنچۇ؟؟ دەپ مەسخىتەمەسلىك بىلەن دىمىقىنى

قاقىدۇ . . . بىردە ئۇنىڭ ئاپىسى بالام . . سىزنى كېلىن قىلاتتىم دەپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلايدۇ . . . . . ھەر خىل - ھەر ياڭزا كۆلەڭگۈلەر مېنى ئەگىپ - ئەگىپ ئاخىرى ھېرىپ قالدىمۇ ياكى مەن ھېرىپ قالدىممۇ بىلمەيمەن . . . . . .
ئويغانسام ئاللىبۇرۇن كۈن چىقىپ چۈش بولاي دەپتۇ . ئېغىرلاشقان بېشىمنى تەستە كۆتۈرۈپ ، كۆزلىرىم بېشىمدا تۇرغان ئاپامنىڭ مېھرىبانلىق ، كۆيۈنۈش تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى . .
_بالام ، ئويغاندىڭىزمۇ ؟
_ھەئە_مەن خېجىللىق ئىچىدە بېشىمنى لىڭشىتتىم .
- تاماق تەييارلاپ قويدۇم . ئىسسىقىدا ئىچىۋېلىڭ ، كەچكىچە ئۆگىنىش ، ئۆگىنىش دەپ نېرۋىڭىز بەك ئاجىزلاپ كېتىپتۇ . . . _ئاپام يەنە نىمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولغاندەك تەمشىلىپ قويۇپ مېنىڭ سارغىيىپ كەتكەن ئەپتىمگە قاراپ لايىق كۆرمىدىمۇ ئىشىقلىپ گەپ قىلماي چىقىپ كەتتى .
ئۇزاق ، ئۇزاق ئويلىنىشلاردىن كېيىن بىردىنلا ئاجايىپ بىر غەيرەتكە كەلدىم . مېھرىبانغا تېلېفون قىلىشىم بىلەن ئۇ دىگەن چالۋاقاپ ، تۈنۈگۈن مېنىڭ قىلغان ئەسكىلىكلىرىمنى دەپ توختىمايلا سايراپ كەتتى . ئۇنىڭ زۇۋانىنى ئاران بېسىپ ئەپۇ سوراپ ئاندىن كەچتىكى توي ئولتۇرۇشىغا بىللە بارىدىغانلىقىمنى دىدىم . ئۇ ھوشىدىن كەتتىمۇ ئىشقىلىپ سادا چىقىرالمايلا قالدى . . . . . .
مەن ئالدىرىماي مونچىغا چۈشۈپ چىقىپ ئەينەك ئالدىدا ئىككى سائەتچە ئولتۇرۇپ تۈجۈپىلەپ گىرىم قىلدىم . نىمە ئۈچۈندۇر بۇ ئىشلارنى قىلىش جەريانىدا پەقەتلا تىترەپ ، ئالاقزادە بولۇپ ئازاپلىنىپ كەتمىدىم . ئەكسىچە يېقىن دوستۇمغا قولداش بولىدىغاندەك تەمكىنلىك بىلەن ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن شۇنداق ياخشى تەيارلىق قىلىۋاتاتتىم . . قىزىق . . بۇرۇن ئۇنىڭ باشقا قىزلار بىلەن ئارىلاشقان خەۋىرىنى ئاڭلىسام ھەپتە كېسەل چىراي بولۇپ كېتىدىغان ئادەم بۈگۈن نىمە بولدۇمكىنە ؟ ؟ ؟ يۈرىكىم مۇزدەك ، سوغۇق ئېقىمغا لىققىدە توشقان ئىدى . خۇددى بۈگۈنكى توي قىلىدىغىنى ئۇ بولماي مەندەك . . مەن ئۇنىڭغا توي قىلىپ ئۆزۈمنى تونۇتۇپ قويىدىغاندەك . . . . . .
ئادەتتە گىرىم قىلىپ بۇنداق ياسىنىپ يۈرۈشكە نەدە چولا دەيسىز . . مەكتەپتە ئېغىر - ئېغىر كىتاپلارنى كۆتۈرۈپ بولالماي مۈكچىيىپ كېتىدىغان تۇرساق بۇنداق ياسانساق كىتاپلار بىزنى بېسىۋالار . . ئادەتتە چىرايلىق سەتلىكىمگە پەرۋامۇ قىلىپ كەتمەيتتىم . ئىشقىلىپ باشقىلار مېنى ئاق - سۈزۈك دەپ تېرەمنى ۋە كۆزى چىرايلىق دەپ كۆزۈمنى ماختىشىدۇ . ھى ھى . . تۈپ - تۈز

ئوغۇل بالا مىجەز بولغىنىم بىلەن ئاۋازىم خېلى يېقىملىق بولسا كېرەك.ياتاقتىكىلەرگە كەلگەن تېلېفونلارنى ئېلىپ قالسام ئۇلار مېنى ئاۋازى بەك تاتلىقكەن دەيمىش....
ھەي بۇلارنى سۆزلىمەي بۇ كۇندىكى يا سىنى شىمنى سۆزلەي ھە.. سىپتا قىلىنغان گىرىمىم ۋە سورۇنغا ماسلىشىدىغان كىيىملەرنى كىيىپ ئەينەككە قاراپ باقسام خېلى "بولۇدىغان قىز"بولۇپ قاپتىمەن. شەپقەت سۆسۈن رەڭگە ئامراق ئىدى. تەتىلنىڭ ئالدىدا قىزلار بىلەن ئايلىنىپ يۈرۈپ سۆسۈن رەڭلىك شۇنداق چىرايلىق بىر كۆينەكنى كۆرۈپ باھاسى شۇنداق قىممەت بولسىمۇ سېتىۋالغان ئىدىم.مېنى مەپتۇن قىلغىنى كۆينەكنىڭ پاسونى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرىدىنمۇ بەك رەڭگىنىڭ سۆسۈن بولغانلىقى ئىدى.ئەسلى بۇ كۆينەكنى ئۇنىڭ تويىغا ئاتاپ ئاپتىكەنمەن.مەيلى نىملا بولسۇن.. مەن دوستۇم مېھرىبان بىلەن تاقلداپ تۇرۇپ يۈرىكىمدىكى ئازاپلارنىڭ قەبرىگاھى بولغان "مۇراسىم"غا قاراپ مېڭىپ كەتتىم.....
توي شاتلىق رىستورانىدا ئىكەن.يول بويى مەن شۇنچە تېتىك جۇشقۇن،ئەكسىچە مېھرىبان شۇنداق ئېغىر،ھېلىدىن ـ ھېلىغا پۇتلىشىپ،مۇدۇرۇپ مېنىڭ ئىچىمنى سىقۋەتتى.كۈلكىلىك گەپلەرنى قىلىپ قاقاقلاپ كۈلسەممۇ،ئۇنىڭدىن ئۇنى ـ بۇنى سورىسامىمۇ ماڭا تە شۈش بىلەن شۈبھىلەنگەندەك قاراپ قويىدۇ.بىچارە دوستۇم..ئېھتىمال مېنى قاتتىق ئازاپتىن ئېلىشىپ قېلىۋاتامدىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتقان بولسا كېرەك.بىز يېتىپ بارغاندا رىستوراننىڭ ئالدىدا ئادەم شۇنداق كۆپ ئىدى.ئوھوي..ئۇيەدە يىغلاپ دارازا تارتىپ يېتىپ قالماي كەلگىنىم ياخشى بوپتۇ جۇمۇ..بولمىسا بۇنداق يىگىت كاستيۇم بۇرۇلكا كىيىپ گۈل تاقاپ،قىز قىپ ـ قىزىل مۇراسىم كىيىمى كىيىپ گۈل تاقاپ ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ مېھمانلارنى كۈتۈۋاتقان خەنزۇ پەدىسكى توي مۇراسىمنى كۆرەلمەي ئارماندا قالاتتىمكەن...
مۇرادىل بىزنى يىراقتىنلا كۆرۈپ يېتىپ كەلدى.
ـ يا ئاللا بارمۇسەن بۇ دۇنيادا؟ ياخشى تۇردۇڭمۇ؟ غىپپىدە كېلىپ غىپپىدە كېتىپ قالماقچىمىتتىڭ ئۇرۇمچى شەھرىگە...
ـمەنغۇ ياخشى تۇردۇم.ئۆزەڭچۇ؟ تولا سېپسىق گەپ قىلما ھە..مەن توي ئويۇنغىلى كەلدىم.سېنىڭ سېپسىق گېپىڭنى ئاڭلىغىلى كەلمىدىم.._مەن ئۇنىڭ "ئۇرۇمچى شەھرىگە"دەپ تەنە قىلىشىغا قايتۇرما زەربە بەرگەن ئاساستا كۈلۈپ كۆرۈشتۇم.
ـ يا ئاللا... تەتىل دىگەن كاللا ئارام ئالىدىغان ۋاقىت دەيمەن..كەلگىنىڭ ياخشى بوپتۇ..سەن بىلەن چېقىشىۋالسام ھىلى چېقىشىدىغانغا ئاشماي قالامسەنكىن._ئۇ دائىمقىدەك گەپ قىلىپ سېلىپ ئىتتىك گېپىدىن توختىۋالدىدە گۇناھكارلارچە _بۈگۈن بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەن_دەپ قوشۇپ قويدى.

_شۇنداقمۇ؟؟_مەن پېتىمدىن چۈشمىگەن ھالدا كۈلۈپ قويدۇم_ھەي بىزنى مۇشۇ يەردە گەپ بىلەنلا ئۈزىتىۋەتمەيدىغانسەن؟ھېچ بولمىغاندا ئاۋۇ "بەختلىك توي قىز-يىگىتنى "بولسىمۇ تەبرىكلىگىلى قويارسەن!!

شۇ گەپ بىلەن بىز ئۇلار تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق.ئۇھ..شەپقەت سۇررەڭ كاستيۇم-بۇرۇلكا،ئىچىگە ئاپپاق كۆينەك كىيىپ سارغۇچ گالىستۇك تاقاپ باشقىچە سالاپەتلىك بولۇپ كېتىپتۇ.كۆزلىرىمىز ئۇچراشتى..شۇ دەقىق شۇ مىنۇتتا يۈرىكىم كۆكرەك قەپىزىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق سوقۇپ كەتتى. مەن ئىمكانقەدەر ئۆزەمنى قاتتىق تۇتۇپ بايادىن بېرىقى سالاپىتىمنى،تۇرقۇمنى ساقلاش ئۈچۈن مېھرىباننى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇۋالدىم.شەپقەتنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ،ھودۇقۇش،تەمتىرەشكە ئوخشايدىغان سېزىملار چاقناپ ماڭا قاراپ قېتىپ قالغان ۋاقىتتا مەن ئاستاغىنە قولۇمنى ئۇزاتتىم.

_مۇبارەك بولسۇن!!

ئۇنىڭ قولۇمنى تۇتۇشى بىلەن يەنە ھېلىقى "سىررىدە"قىلىپ ئۆتىدىغان سېزىم يۈرەك-باغرىمنى تېشىپ ئۆتتى.ئۇنىڭ قوللىرى بوش تىترەۋاتاتتى.

_يېقىن دوستۇمنىڭ تويى دەپلا كەلدىم جۇمۇ..بولمىسا كەلمەيتتىم_مەن كۈلۈمسىرىدىم..بىلمىدىم..بۇ كۈلۈمسىرىشىم سائەتلەپ ئەينەك ئالدىدا ئولتۇرۇپ مەشىق قىلغان ھېلىقى كۈلۈمسىرىشىمگە ئوخشاش چىقتىمۇ ياكى لەۋلىرىم تارتىشىپ چىرايىم تاتىرىپ يىغلامسىرىغان كۆرۈنۈشتىكى كۈلۈمسىرەش بولۇپ چىقتىمۇ...ئىشقىلىپ مەن تۇنجى قەدەمنى مۇۋەپپىقىيەتلىك ھالدا باسقان ئىدىم.

_ھەي يېڭى كېلىنچەكنى بىزگە تونۇشتۇرماي تۇرامسەن؟_ مېھرىبان كەيپىياتنى تۈزەپ ئاۋاز قاتتى.

_ھە.._ئۇ ئۇندەرەپ ئېسىگە كەلگەن ئادەمدەك دۇدۇقلىغىنىچە _بۇ.. ئىسمى ئالمىرە...بۇلارمېھرىبان،زۇلخۇمار ، مېنىڭ بىر سىنىپتا ئوقىغان يېقىن دوست ساۋاقدا شلىرىم بولىدۇ!!

_ياخشىمۇسىز؟مۇبارەك بولسۇن!!_مەن نەزىرىمنى ئۇنىڭ بەختلىك مەھبۇبەسىگە تىكتىم.پاھ...ئۇ قىز بىرلا قاراشتىلا كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك چىرايلىق ئىدى.ئاپپاق يۈزلىرى،سىزىپ قويغاندەك ئەگىم قاشلىرى،ئېقىپ چۈشكەندەك بۇرنى ئاستىدىكى ئويماقتەك ئېغىزى، نازلىق تۇرقىغا خويمۇ ياراشقان قىپ-قىزىل كىيىمنىڭ ئىچىدە بەئەينى كىنو ئارتىسلىرىدەك ئۆزگىچە بىر خىل نازاكەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

_ياخشىمۇسىز، سىز بىلەن تونۇشۇپ قېلىشنى بەك ئويلايتتىم.ئۆيىمىزدە سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى كۆپ ئاڭلىغانتىم_ئۇ سۆزلىگەندىمۇ ئاجايىپ ئەركىلەپ ناز بىلەن سۆزلەيدىكەن. ماڭا تىكىلگەن كۆزلىرىدە بىر خىل رەشك تۇيغۇلىرىنىڭ ئىپادىسىنى كۆرۈپ قالدىم.

_شۇنداقمۇ؟بۇرۇن ئوقۇۋاتقان ۋاقتلىرىمىزدا بىللە تەكرار قىلىمىز دەپ ئۇ ئۆيگە تولا باراتتىم.شۇڭا بەلكىم.._ مەن ئوڭايسىز ھالەتتە جىلمىيىپ قويدۇم.

_بىز كىرگەچ تۇرايلى ئەمىسە_مېھرىبان قولۇمدىن تارتىپ مېنى ئىچكىرىگە ئېلىپ ماڭدى.

رىستۇران ئىچىدە ئادەممۇ ئاز ئەمەس ئىدى. بىر سىنىپ ئوقىغان، پارالېل ئوقىغان ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى دىگۇدەكلا بار ئىكەن.ئۇنىڭدىن باشقا شەپقەتنىڭ جەمىيەتكە چىققاندا تونۇشقان،ئوقەت قىلىش جەريانىدىكى دوست-بۇرادەرلىرىمۇ خېلىلا كۆپ ئىدى.قىزلاردىن ساۋاقداشلىرىمىز بولۇپ بىر ئىككى ئۇستەللا بولۇپ شەپقەتنىڭ نەۋرە ھەدە-سىڭىللىرى،ئۇرۇق تۇققانلىرىنىڭ قىزلىرى بولۇپ بىر ئۇستەلدە بار ئىدى.

ھايات قانۇنىيتى،تەغدىر موھۇرى دىگەندىن ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمىسا كېرەك. شۇنچە چىرايلىق،شۇنچە نازاكەتلىك ئۇ قىزنىڭ شۇنچە يىراق يۇرتتىن ناتونۇش يۇرتقا كېلىپ مۇشۇنداق بىر خىل ئۆزىمىزنىڭ زور داغدۇغا بىلەن قىلىنىدىغان تويلىرىنىڭ ئەكسىنچە ھالدا ئاددىغىنە توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ ئولتۇرۇشىمۇ شۇ مۇھۆرلەرنىڭ ئۇ قىزنىڭ ھايات بېتىگە ئاللىبۇرۇن بېسىلغانلىقىدىن بولسا كېرەك. تۇيۇقسىز قەلبىمدە ئۇ قىزغا نىسبەتەن بىر خىل ھىسداشلىققا ئوخشاپ كېتىدىغان تۇيغۇنىڭ باش كۆتۈرۈۋاتقانلىغىنى ھىس قىلىپ قالدىم.

توي مۇراسىمى باشلاندى.. گەرچە توي قىز-يىگىت يارىشىملىق توي كىيىملىرى بىلەن ھەممەيلەن ئورۇنلىشىپ بولغان پەيتتە غۇلجا ياشلىرىنىڭ قايناق ھىسسىياتتا ئاكاردىيۇن تارتىپ جىر جېرلاپ ،ئۇسۇل ئويناشىپ ،ئىشىكتىن كىرىدىشى بىلەن ئۇستى-بېشىغا چېچىلغان گۈل بەرگىلىرى،يالتىراقلار بىلەن نۇرلىنىپ قىقاس-چوقان،ھاياجان بىلەن كىرىپ سورۇنغا كەلگەن بارلىق دوست-يارەنلىرىنىڭ بەخت تىلەكلىرىگە كۆمۈلگەن ھالەتتە باشلانمىغان بولسىمۇ يىگىت بېشىنىڭ ئۇلارغا تىلەپ ئېيتقان تىلەك سۆزلىرىدىن كېيىن قىز-يىگىتنىڭ تانسا ئوينىشى بىلەن باشلاندى..

ئۇلار تانسا ئويناۋاتاتتى. ئۇلارغا قاراپ مېيىقىمدا "ھېلىقى جاپالىق رېپېتىستىن كېيىنكى تەبەسسۇم"نى جىلۋىلەندۇرۇپ ئولتۇرۇمەن. خىيالىمدا مەن شەپقەت بىلەن توي كۆيىنكى كىيىپ تانسا ئويناۋاتاتتىم.بەختتىن خۇمالاشقان كۆزلىرىمنى ئۇنىڭدىن قاچۇرغان ھالدا گۈلدۈراس ئالقىش تىلەكلەرگە كۆمۈلۈۋاتاتتىم......ئىھ نەقەدەر بەختلىك كۆرۈنۈش ھە؟؟؟

_قوپە،تانسا ئوينايمىز!!

خىياللىرىمنى بۆلۈپ مۇرادىل قولىنى تەڭلىگىنىچە ئالدىمدا تۇرۇپتۇ.قىز-يىگىت ئاللىبۇرۇن ئورنىدا ئولتۇرۇپ سورۇن ئەھلىنىڭ سەھنىنى پىتنقدىشى ئۈچۈن ئىجازەت قىلىنغان ئىكەن.
"ساز باشلىنىشىغىلا كەلگىنىنى بۇنىڭ" مەن ئىچىمدە غۇدۇراپ تېشىمدا نازلىق كۈلۈپ قويۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.
ۋالس... بۇ موزىكىغا تانسا ئويناشنى بەكلا ياخشى كۆرەتتىم.مۇرادىل شوخ،ئويۇنچى بولغاچقا بۇنداق تانسىلارنىڭ قېپىنى ياردىغىنىدىن ئىدى. مەنمۇ بار كۈچۈمنى پۇتلىرىمغا يىغىپ لەرزان ھالەتتە ئۇنىڭغا ماسلىشىپ پىرقىراشقا باشلىدىم..توغرا..بۇگۈن بۇ سورۇندىكىلەرنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ كۆزى مەندە.. مەن شوخ،جۇشقۇن ھالەتتە ئۆزۈمنى ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۆرسىتىشىم كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن كەلمىسەم نىمە بار ماڭا؟؟ بۇنىڭ توينى ئاڭلىغان،ئىككىمىزنىڭ بەكلا يېقىن ئۆتمىدىغانلىقنى بىلمىدىغان ھەتتا ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتنى كۆپتۇرۇپ دىيىشىدىغان تونۇش-بىلىشلەرنىڭ مېنىڭ بۇ روھلۇق ھالىتىمدىن ياقا چىشلەپ ماڭا ئىچ ئاغرىتىش نەزىرى بىلەن قاراپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىم كېرەك... شۇنى دىمىسەم ئاھ-ۋاھ دەپ يوتقانغا پۈركۈنۈپ بىچارە ئاپامنىڭ مېنى بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان گۇناھىغا يۈرىكىنى يەپ ئەرۋاھ چىراي بولۇپ ئۆيدە ئولتۇرمامتىم؟؟؟
تۇنجى قول تانسىدىن كېيىن بىرەر سازمۇ ئارام ئالمىدىم. قېتىقىنىپ قىلغان گىرىملىرىمنىڭ،چىرايلىق كۆينىكىمنىڭ بەدەن گۈزەللىكىمنى ئۆزگىچە نامايەن قىلىشىنىڭ نەتىجىسىمۇ ئىشقىلىپ مېنى توختىماي تانسىغا تەكلىپ قىلغانلارنىڭ، بۇرۇندىن مېنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ئىغىزىدىن چىقىرالماي ئازاپلىنىپ ئۆتتۇۋاتقان "بىچارە ئاشىق"لارنىڭ ،مۇشۇ سورۇندا بىرلا كۆرۈپ "ماڭا كۆيۈپ قالغان"كۆيۈكلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى....
ئويناۋاتىمەن، پىرقىراۋاتىمەن..،كۈلۈۋاتىمەن... شۇنچە خوشال.... شۇنچە تەبئى..ناگان-ناگاندا شەپقەتنىڭ كۆزلىرى بىلەن كۆزۈم ئۇچقىشىپ قالىدۇ..ئۇ كۆزلىرىدىن نامەلۇم تۇيغۇلارنى چاچراتقىنىچە مەندىن كۆز ئۈزمەيلا ئولتۇرۇدۇ.. ئۇنىڭغا قارىمىسامىمۇ سەزگۈلۈرۈم ھىس قىلىپ تۇرۇدۇ......كۆزلىرىدىن ئۇچقان تۇيغۇلار كېلىپ مېنى ئەيىپلەۋاتىدۇ، ماڭا قىيداۋاتىدۇ..
"توۋا خۇمار، سەن راستىنلا مېنى قىلچىمۇ ياخشى كۆرمەيدىكەنسەن ھە...نىمانچە خوشالسەن؟"
"بۇ سېنىڭ ھاياتىڭدىكى خوشاللىق مىنۇتلار تۇرسا خوشال بولمىسام قانداق بولۇدۇ؟ئۇنتۇپ قالما.. بىز دىگەن يېقىن دوست"
"بىز پەقەتلا دوستما؟ئەمسە قەلبىڭدە مەن پەقەتلا يوقما؟"

"سېنىڭ بۇ گەپلەرنى دېيىشكە سالاھىيىتىڭ توشامدۇ؟سەن دەپ باقە..ئەمسە مەن قەلبىڭدە نىمىگە ھېساپ؟"

"ماڭا قىيدىما.. مەن ساڭا لايىق كەلمەيمەن؟"

" سېنىڭ قەلبىڭدىكى مۇھەببەت پۇل،مال ـ دۇنيا سالاھىيەت بىلەن ئۆلچىنەمدۇ؟ بۇ تەرەپتىن سېنىڭ روھىڭ بەك پۇچەككەن شەپقەت"

"بۇگۈنكى تويغا كەلگىنىڭ مېنى ئازاپلانغىنىڭ ئەمەسمۇ؟؟"

"ئوھۇي مۇنـداق دە.. سـەنچە مەن كەلمسـەملا سـەن خوشـال بولالايسـەن شۇنداقمۇ؟ۋىجدانسىز،ئەبلەخ.."

.......................................

كۆزلەردىن چاچرىغان ئۇچقۇنلار ئىككى يۈرەكنىڭ تىۋىشـلىرىنى شـۇ يوسـۇندا بىر ـ بىرىگە يەتكۈزۈۋەرگەنمۇ بولار ئىدى. بىراق.. توي ئاخىرلاشتى...

بىز سـىرتتا چىقتۇق..قايتىشـمىز كېرەك.ئەمدى بەختلىك قىز ـ يىگىت بىلەن خوشـلىشـىپ ئاستا ئۇۋىمىزنى تېپىۋالمىساق ماۋۇ سۇپ ـ سۈزۈك سۈيۈقلۇقنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ كاللىدىكى توغرا ئۇقۇملارنى ئوت تەتۈرگە بۇراپ مۆرتى كەلگەندە "بىز ئىچمىسـەك بولمامدۇ" دىمەي ئەكسـىنچە بىرسـى ياتقۇزۇۋېلىپ كانىيىنى ئېچىپ قۇيغاندەك "ھەممىنى قىلغان شـۇ ھاراق" دەپ ئۆزلىرىنىڭ سـەتچىلىكىنى جانسـىز جسـىمغا دۆڭگەشـكە ئۇسـتا "قىز ئۇۋچىلىرى" بىزگە "ئاشىق"بولۇپ قەلبىنى يىرتىپ ھېرىپ قالىدۇ...

مېھرىبان ئىككىمىزمۇ خوشلىشىۋاتقانلار شالاڭلاشقان پەيتتە ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردۇق.

ـ بىز قايتايلى،خەير،بەختلىك بولۇڭلار!!

_قايتامسىلەر؟_شەپقەتنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

_قايتىمىزدە ئەمدى ...قايتماي سەن بىلەن ئۆيۈڭگە بارساق بولماس.. ماۋۇ كېلىنچەك سۈر ـ توقـاي قىلـىپ قوغلىۋېتەر بىزنى...بىزنى قـاچـان كېتەركىن دەپ كۆزى تۆت شـۇ تاپتا.._مېھرىبان ئاچچىق بىلەن شۇنداق دىدى.

_نىمانداق گەپ قىلىسـەن؟_مەن ئۇنىڭ قولىنى تارتىپ ئىتتىك گەپ قاتتىم_توي شـۇنداق ياخشى ئۆتتى،بەختلىك بولۇڭلار،ئالمىرە،تونۇشۇپمۇ قالدۇق.مەنغۇ ئۇرۇمچىگە قايتىمەن.كۆپ ئۇچرىشـالماسـلىقىمىز مۇمكىن. باشـقا قىزلارمۇ كۆپ،سـىزنى ھەرگىز يالغۇزسـىرتىپ قويمايدۇ..ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈڭ!!

شـەپقەتنىڭ ماڭا سـۇنغان قوللىرى جاۋاپسـىز قالدى.. مەن بۇرۇلۇپ مېھرىباننى قولتۇقلىدىم ـ دە،مېڭىپ سەل نېرىدا تۇرغان تاكسىغا چۇشتۇم.

بۇ ئۆيۈمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۆرۈنىشىنى مانا مۇشۇنداق غەلىبىلىك ئويناپ تۈگىتىۋەتتىم.

مانا بۇ تۇرمۇش..مانا بۇ تىراگىدىيەلىك تۇرمۇشنىڭ كومېدىيەلىك كۆرۈنۈشلىرى....

مېھرىبانلارنىڭ ئاپىلىرى يېزىدىكى تۇققانلىرىنىڭكىگە كەتكەنلىكى ئۈچۈن تويدىن قايتىپ ئۇنىڭ ئۆيىدە قونۇدىغان بولۇپ ئاپامدىن رۇخسەت ئېلىپ چىققان ئىدىم.

جىمجىت ئۆي....ئۇمۇ جىم..مەنمۇ جىم......

شـــۇ تاپتا روھىم جىســـــمىمدىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەندەك..ئۆيدە بىر نۇقتىغا كۆزلىرىنى تىكىپ باياتىنقى شوخ،جىلۋىگەر قىياپەتتىن ئەسەرسىز ئولتۇرغان بىر جەسەت ئىدى....

تېلىۋۇزۇر ســـۆزلەۋېتىپتۇ..ئۇنىڭدىكى قانداقتۇر بىر كۆرۈنۈشـــكە قاراپ كۈلدۈم..مېھرىبان چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى-دە كۈلۈدىغان ئىش ئوخشايدۇ دەپ ئۇمۇ كۈلدى.. ھا..ھا..ھا...........

كۈلۈۋەردىم..كۈلۈۋەردىم...ھېچ توختىيالمىدىم ئەمەســـــمەن...مېھرىبان كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە قورقۇنچ ئارىلاش ماڭا قاراپ قېتىپ قالغان ئىدى...كۈلۈش...ئاستا-ئاستا ئىسەدەشكە..ئەلەملىك ئىسەدەشكە ئايلاندى......

شۇ يىغىلار بىلەن ھەممە پىغان،ھەسرەتلەر ئۇنتۇلۇپ كەتكۈسى... شۇ يىغا ئەتە ماڭا تېخىمۇ كۈچ-قۇدرەت ئاتا قىلغۇســـى...بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمدا تېخىمۇ ئۇســـتا ئارتىس بولۇپ تۇرمۇش بەتلىرىمنى كۈلكىگە ئوراپ ئۆتكۈسى.........

ئاپامنىڭ قىيداشلىرى،دادامنىڭ نەسىھەتلىرى نەتىجىسىدە ئۆيدە ئىككى ھەپتە تۇردۇم. بىراق تالا-تۈز دىگەنگە چىقمىدىم.شـــەپقەتنىڭ توي قىلىپ كېتىشـــى بىلەنلا مېنى ياخشـــى كۆرىدىغانلىقىنى ھىس قىلىشىپ يەتكەن نەچچە ساۋاقداشلىرىم(تويدا ئۇچراشقان)مېنى ئۇ يەر-بۇ يەرگە تولا تەكلىـــپ قىلىـــپ،تولا ئۇچۇر يوللاپ ئـــارامىمنى قويمـــىدى. بىراق مەن ..ئىشـــنەمســـىز..ھەتتا ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئۆيىمىزدىن پەســـكە چۈشـــۈشىمۇ قويمىدىم. كۈندە تۆت-بەش ۋاق تاماق يەپ،مىدىر-سىدىر قىلماي سافاغا چاپلىشىپ تېلىۋۇزۇر كۆرۈپ زېرىكمىدىم.ھا..ھا..سەمرىپ تىقىلىپ قالدىمىكىن دەپ پەرەز قىلدىڭىزمۇ...مەنمۇ شۇنداق بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم.ئەكسىنچە نەچچە كىلو ئورۇقلاپ كېتىپتىمەن.....

-ۋاي ئاللا..ســـەن بارمۇ يوقمۇ؟؟_مېھرىباننىڭ مېھمان كۈتۈش ئۆيىدە ئاپام بىلەن ئەھۋاللاشـقىنىنى ئاڭلىغان بولســامۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن ھوجرا ئۆيۈمدە ياتىۋەرگەن ئىدىم ئۇ چاڭگىلدىغان پېتىلا كىردى -دە، ئۈستۈمگە ئۆزىنى تاشلاپ مېنى بېسىۋالدى.

_ۋوي ســاراڭ.. ســەندەك پور كۆتەكنى كۆتۈرەلەمتىم ؟ كەچكىچە كوچىدىن كىرمەيدىكەن بۇ كوچا سارىڭى..

_ھەجەپ چىرايلىق يېتىپ كېتىپسەنغۇ خېنىم..شۇ تاپتا كىمنى ئويلاۋاتىسەن؟ئالمىنى سېغىنىپسەن ھە..ئاپاڭدىن ئاڭلىسام ئۈرۈمچىگە كېتىمەن دەپ جىدەللا قىلىدىكەنسەن.

_ئوھۇش،ئىشىكنى قىلە..ئۇنى ـ بۇنى ئويلايدىغانغا زۇلخۇمارنىڭ كاللىسى قېيىپ قالمىدى سەندەك؟؟

_مۇنداق دە.. مەن كىمنى ئويلاپتىمەن..دىگىنە قېنى دىگىنە قېنى.._ئۇمېنى توختىماي غىدىقلاشقا باشلىدى. ۋايەي.. مېنىڭ غىدىقىم شۇنچىلىك كېلىدۇكى بىرەرسى ئازراقلا غىدىقلاپ قويسا جېنىم چىقىپ كېتىدىغاندەك بولۇپ كېتىمەن.

_ۋاي بولدى.. دىمىگەن بولاي.. ئاپپاق ھەدە..تاتلىق ھەدە..مەن ئەل بولدۇم.._كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتتى.ئۇ غەلبە قىلغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ قولۇمنى تارتىپ تۇرغۇزدى.

_دەپ باقە.مەن قانداق خەۋەر ئەكەلدىم؟

_توي خەۋىرىما؟يەنە بىرەرسى توي قىلامدىكەن؟

_ۋاي ساراڭ..مەن ھۆتۈتخان بولمىسام كەچكىچە توي قىلىدىغانلارنى تىزىملاپ يۈرۈدىغان_ئۇ پومىسلاق لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ ماڭا ئالىيىپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى،_تاپە،تاپالمىساڭ خەۋىرىمنى ئېلىپ كېتىمەن.

_تاپالمىدىم..ھە تاپىتىم،تاپتىم.ئاخشام دىلشات بىلەن كۆرۈشتۈم دەۋاتاتتىڭ.._مەن ئاۋازىمنى پەسلىتىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدىم_دىلشات سېنى سۆيۈۋاپتۇدە..

_ئىشىكنى قىلە..ئۆلمىگۇر..._ئۇ قىزىرىپ كەتتى،ئاندىن كۈلۈپ تۇرۇپ_ئۇنداق قىلسىمۇ خەۋەر دەپ ساڭا كۆتۈرۈپ كېلەمتىم؟

_مانا دىمىدىممۇ راسكەن ھە.. ھەي،ھەي ماڭا دىگىنە..قانداق بولىدىكەن؟سەن قانداق قىلدىڭ؟

_ۋاي ماڭغىنە ساراڭ_ئۇ قىپ ـ قىزىل بولۇپ كەتكەن يۈزلىرىنى ئالقىنىدا ياپقىنىچە كۈلۈشكە باشلىدى_جۇۋاينىمەك، ،ساراڭ..

ئۇنىڭ بەخت ئىلكىدە قىزىرىپ تۇرۇپ كۈلۈشلىرىگە شۇنداق ھەۋەسىم كەلدى. دىلشات بىزدىن بىر يىللىق يۇقىرى ئوقىغان بالا ئىدى. ئۇ مەكتەپ پۈتتۈرۈپ مالىيە ـ ئىقتىساد ئونۋېرسىتىغا بارغان ئىدى. مېھرىبانمۇ شۇ مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپ بارغاندىن كېيىن بىر يۇرتلۇق دەپ ئىزدىشىپ يۈرۈپ بىللە بېرىپ كېلىپ بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ مۇھەببەتلەشكەن ئىدى.

_ھەي.. تولا گەپنى ئېپقاچما!!_ مېھرىبان جىددى ئاھاڭدا تۇرۇپ _سېنى كەلسۇن دەيدۇ_دېدى.
_كىم؟
_شەپقەتنىڭ ئاپىسى،مۇھىم گېپىم بار، بىر كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشۈپ كەتسۇن دەيدۇ.
_قاچان؟
_بۈگۈن كەچتە
_نىمە قىلىدىكەن مېنى..
_بىلمىدىم.
مەن قانداق قىلسام بولار دېگەن نەزەردە مېھرىبانغا قارىدىم. شەپقەت دېگەن ئىسىمدىن لەرزىگە كەلگەن جىسمىم نەچچە كۈندىن ئۇيقۇلۇق ھالەتتە ياتقان نېرۋىلىرىمنى سەگەكلەشتۈرۈپ ئىچ_ئىچىمدىن سېغىنىش،تەشنالىقتا ئوخشايدىغان بىر سېزىم كەلكۈندەك يامرىماقتا ئىدى.
_مەنچە چوڭ ئايالنىڭ لەۋزىنى يەردە قويماي بارغىن!!نىمە گېپى بار ئاڭلاپ باقمامسەن!!
_سەن بىللە بارە،مەن ئۆزۈم يالغۇز بارسام بىئەپ بولار..
_ئۇغۇ شۇ.. ھازىر بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ دېگىنە..ئۇنىڭ ئۈستىگە خەق گەپ تاپمەن دەپ ئارانلا تۇرۇدۇ. ماقۇل ئەمسە مەن بىللە باراي!!
كەچنى ئاران قىلدىم....
مېھرىبان بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە يېتىپ باردىم.
شۇنداق قىلىپ كەچتە مېھرىبان بىلەن ھەرخىل قىياس_خىياللار ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئۆيىگە باردىم. دەرۋازا ئالدىدا خېلى تۇرۇپ قالدىم.مېھرىبان بولمىغان بولسا كىرمەي كەينىمگە قايتىپ كېتىشىم مۇمكىن ئىكەن. نىمە شىقىدۇ جۈرئىتىم يوق ئىدى.خۇددى بۇ ئۆيگە كىرىشىم بىلەنلا ھەممە ئەشيالار ئاستىن_ئۈستۈن بولۇپ كېتىدىغاندەك،خۇددى ئالىمرە مېنى ئەڭ سەت گەپلەر بىلەن تىللاپ كېتىدىغاندەك...
كىرىۋرەي.. مەندە نىمە گۇنا.. مەن ھېچنىمە دىمىدىم،ھېچنىمە قىلمىدىمغۇ..پەقەت ئاپىسى چاقىرىپتۇ شۇ.. يا شەپقەت يولدىن چىقىدىغان ئەشيالارنى قىلىپ ئاپىسىنى ئالىمرەنى خاپا قىلغان بولسا بۇرۇنقىدەك يېقىن دوستى قاتارىدا مېنى نەسىھەت قىلىپ قويسۇن دېگەندۇ..شۇنداق كۆڭلۈمنى تەسكىن تاپقۇزىدىغان خىياللار بىلەن ئۆي ئىچىگە كىرىپ كەلدۇق. بىزنى شەپقەتنىڭ ئاپىسى كۈتۈۋالدى.بۇرۇنقىدەكلا مېنى قۇچاقلاپ بىر ھازا كۆز يېشى قىلدى. ھال_ئەھۋال سورىشىپ بىر ھازا ئۇ يا قتىن بۇ ياقتىن گەپ قىلىشىپ

ئولتۇردۇق. ئۆيدە ئاپىسى يالغۇزمىكىنە. . ئۇنىمغىنىمىزغا قارىماي بىزگە تاتلىق-تۇرۇم تىزىپ چاي قىلدى.

_چوڭ ئاپا، شەپقەتلەر بىر ياققا كەتكەنمۇ؟ ئۆزىڭىز يالغۇز ئوخشىمامسىز؟_مېھرىبان سورىدى.

_ياق. .ئالمىرە بار.

_ئەمىسە. ._مېھرىبان ھەيرانلىق بىلەن ماڭا قاراپ قويۇپ-ئۇ بىتاپ بولۇپ قالدىمۇ يا؟؟

_ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن ھوجرا ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ نىمە بولدىكىن يا شەپقەت بىلەن قىزىرىشىپ قالغىنىنى يا باشقا ئىش بولغىنىنى بىلمىدىم.ئۆيدىن چىققىلى ئۇنىمىدى.

_ئەمىسە شەپقەتچۇ؟

_ئۇ چۈشتە كىرىپ چىقىپ كەتكەن.ھېلىغىچە كېلىپ قالار. . ._ئانىنىڭ بىچارىلەرچە ئېيتقان سۆزلىرى،سولغۇن ھالىتى يۈرىكىمنى ئېزىۋەتتى.

-قاندااق دىگەن نىمە ئۇ. .ئۆيگە بىراۋ كېلىۋاتسىمۇ ئۆلۈك-تىرىكىنى كۆرسەتمەي بېكىنىۋېلىپ_مېھرىبان پەس ئاۋازدا غۇدۇراپ قويۇپ تۆۋەنگە چۈشتى_چوڭ ئاپا ،مەن ئالمىرەنىڭ قېشىغا كىرىپ چىقاي،سىلەر پاراڭلىشىۋېرىڭلار!!

مېھرىباننىڭ چىقىپ كېتىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك تۇرغان ئانا ئۇ چىقىپ كېتىشى بىلەن شۇنداق ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتتى، مەن قانداقتۇر بىر كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ھىس قىلغىنىمچە نىمە دەپ تەسەللى بېرىشىمنى،نىمە دىيىشىمنى بىلمەي ئولتۇرۇپ قالدىم.

-قاراڭ بالام،دادىسى رەھمەتى بىر تال ئوغۇل دەپ شۇنچە ئەتىۋارلاپ كېتەتتى. بىراق مېنىڭ ئوقۇغىن دەپ شۇنچە يېلىنغانلىرىمغا ئۇنىماي ھەممە ئېغىرچىلىقنى ساڭا ئارتىپ قوياتتىمۇ دەپ ئوقۇماي بالدۇرلا جەمىيەتكە چىقىۋېلىپ ئوقەت قىلدىم دەپ نەمۇ-نە،شەمۇ-شە يۈرۈپ بۇ بالىنىڭ قىلىپ ئولتۇرغان ئىشىنى. . .دادىسىدىن ئايرىلدى دىلى سۇنۇق،بوپتۇ ئازار يەپ قالمىسۇن دەپ قاتتىق گەپ قىلمىاي مەيلىگە قويۇپ يۈرۈپ بۈگۈنكى كۈندە ئۆزەمنىڭ ئويۇ مىدىكى ئىشلارنى ئاستىن-ئۈستۈنلا قىلىۋەتتى بۇ بالا.بىر كۈنى باشلاپلا كەپتۇ. .يىغلىدىم،قاخشىدىم. . ئامال بولمىدى.ئۇمۇ خەقنىڭ ئاجىزەسى ئەمەسمۇ. .ئاخىرى ئاددى قىلىپ بولسىمۇ توي ئۆتكۈزۈپ بەردىم.ئۇھ دەپ ئەمدى ئارامىمنى ئالارمەن دىسەم. .ھەي نەدىكىنى. . ._ياغلىقنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ياشلىرى ئېيتىپ،چېيىمنى لىقلاپ قويغاندىن كېيىن چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى؛

_بىزنىڭ غۇلجىدا كېلىن نەدىمۇ ئەتىگەن قوپماي كۈن چۈش بولغىچە ئۇخلاپ يېتىپ ،ئېزىلىپ يۈرۈدىغان ئىشلار بار؟؟ بىز ئانا بولغۇچىلار ئەڭ ئالدى بىلەن قىزلىرىمىزنى كېيىنكى كۈندە يا شقىلارنىڭ ئالدىدا تەس كۈنگە،ئىزاغا قالمىسۇن دەپ قاتتىق قوللۇق بىلەن تۆ شۈك

ئىشلىرىدا پىششىق قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىمىز.قىز بالا دىگەن چېچەن،ئىشچان بولغاندا ئاندىن ئۆز ئىززەت ـ ھۆرمىتى بىلەن باشقىلارنىڭ قولىدا گۈل بولۇپ مەڭگۈ ئېچىلالايدۇ.قانداق چوڭ بولدىكىن،ئانىسى قانداق تەربىيەلىگەن قىزكىن بىلمىدىم،ھەتتا بىر چىنە چاينى ئوڭلاپ ئۆزى ئېتەلمەيدۇ بالام...ھېلىغىچە ئاش ـ تامىقىدىن تارتىپ.كىر ـ قاتلىرىغىچە مەن ھۆددىسىدىن چىقىپ كېلىۋاتىمەن. خۇيى شۇنداق يامان. بىر گەپ قىلسىڭىزلا ئاشۇنداق دۇملىنىپ يېتىۋلىپ كۇن ـ كۇنلەپ قاپاق ئاچمايدۇ.دەسلەپتە بۇمۇ ئاتا ـ ئانىسىنى،قېرىنداشلىرىنى سېغىنغاندۇ دەپ ئويلىدىم.. بىراقزە.. بارا ـ بارا كۇچەپ مېنى خولۇم ـ خوشنىلار ئۇرۇق ـ تۇققانلارنىڭ ئالدىدا ئىزا ـ ئاھانەتكە قويۇۋاتىدۇ..._ئانا يەنە ئۆپكىدەشكە باشلىدى.

_شەپقەتچۇ؟ئۇ گەپ قىلمامدۇ؟_ئىچىم سىقىلغان ھالدا سورىدىم.

_ۋاي بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى دەپ ئۇنى تېخىمۇ بىئارام قىلىپ نىمە قىلىمەن بالام،جېنىمغا بەك پاتسا بەزى گەپلەرنى دەپ قويىمەن،ئۇرۇشۇپ قالسا يەنە شۇ ئالمىرەنىڭ تەرپىنى ئالىمەن،ئاجىز ئەمەسمۇ؟؟..قايسى كۇنى رىستۇراندىكى تويىنىڭ پىلاستىنكىسىنى ئەكەپتىكەن. سىزنى كۆردۇم بالام،دادىسى رەھمەتلىكنىڭغۇ كۆپ ئارمانلىرى بارتى..ئۇنىڭغا يېتەلمىدۇق..كۆڭلۇم سىزنى تارتىپ قالدى..بۇ گەپلەرنى نىمىشقىكىن سىزگە دىگۇم كەلدى..كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ بالام.سىزنى ئۆز قىزىمدەك كۆرۈپ ئىچىمنى بوشاتقۇم كەلدى...

_دەۋەرسىلە..ھېچقىسى يوق.._مەن ئانىنىڭ مىسكىنلىك تۆكۈلۈپ تۇرغان،بىر ئۆمۈر جاپا تارتىپمۇ يەنە شۇ جاپالاردىن قولى بىكار بولمىغان تۇرقىغا قاراپ كۆڭلۇم يېرىم بولغان ھالدا دىدىم.ئانىنىڭ گەپلىرىدىن تۇرۇپ ئالمىرەگە ئۆچلۇكۇم كەلسە تۇرۇپ شەپقەتكە ئاچچىقىم كېلەتتى."قانداق دىگەن گەپ ئۇ..ئوغۇل بالا تۇرۇپ ئايالىغا شۇنچىلىكمۇ گېپىنى ئۆتكۇزەلمىسە.."..

ئىشىك ئېچىلىپ 'ئاپا، سىڭلىم تېلىفۇن قىپتۇ چوڭ ئاپاملارنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغۇدەك"دىگىنىچە شەپقەت كىرىپ كەلدى..كىردىيۇ مېنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتكەندەك بولۇپ تۇرۇپلا قالدى.مەنمۇ ئوڭايسىز كەيپىيات ئىچىدە ئورنۇمدىن تۇردۇم.

_نىمە تۇرۇسەن؟زۇلخۇمارنى تونۇيالمايۋاتامسەن؟ئولتۇرىۋېرىڭ قىزىم.._ئاپىسى شۇنداق دىگەچ چەينەككە چاي لىقلىغىلى ئاشخانا ئۆيگە چىقىپ كەتتى.

_ياخشى تۇردۇڭمۇ؟_ئۇ تىترىگەن ئاۋاز بىلەن ئاستا سورىدى.

_ياخشى ،ئۆزەڭچۇ؟_مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراشقا پېتىنالمىغان ھالدا چىنەمدىن كۆز ئۈزمەي جاۋابەن دىدىم.

_خۇداغا شـۈكرى_ئۇ جىممىدە تۇرۇپ كېتىپ قوشـۇپ قويدى_ بۇ ياققا قەدىمىڭ يېتىپ قاپتۇ ھە؟؟

_شـۇ ،ئاپاڭنى يوقلىغاچ سـىلەرنى كۆرۈپ كېتەي دەپ_ياسـالمىلىق بىلەن دېگەن سـۆزلىرىم ئارىسـىدىكى "سـىلەر"نى دىمەك شـۇنچە تەس بولسـىمۇ ئېغىزىمدىن چىقىرالىغىنىمغا مىڭ شۈكرى.

ـ ياخشى بوپتۇ..ئۇنداق بىراقلا يوقاپ كەتمە!!

مەن ئاستا بېشىمنى كۆتەردىم.كۆزلىرىم ئۇنىڭ كۆزلىرىگە شۇڭغىدى،كۆزلىرىم ئۇنىڭ جىسمىنى سـۆيدى،كۆزلىرىم ئۇنىڭ سـېھىرلىك كۆزلىرىگە ئەل بولغان ھالدا يۈرىكىمگە يەنە ھېلىقى "سـىرر ىدە'قىلىىدىغان تاتلىق سـېزىمنى باشـلاپ كىردى.دەقىقە ئىچىدىكى ئوتلۇق تىلەكلەر،دەقىقە ئىچىدىكى سـېھىرلىك تۇيغۇلار..يەنە شـۇ دەقىقە ئىچىدە پۈررىدە تورۇپ كېتىدىغان بەخت....

_ئالمىرە ئەتىگەنكى پېتى ھوجرا ئۆيىدىن چىقمىدى.مېھرىبان قىزىم كىرىپ كەتكەن.ئىككەيلەن مۇڭدىشـىپ قالدىمىكىن ھىچ چىقاي دىمەيدىغۇ.._ئانا شـەپقەتكە چاي قۇيغاچ رەنجىش ئاھاڭىدا شۇلارنى دىدى.

_بولدى، بىزمۇ قايتىمىز،مىجەزى يوق بولسـا زورلىمايلى. مەن كىرىپ كۆرۈپ چىقاي_مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۇسـتەلدە ئۇدۇلمۇ ـ ئۇدۇل ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشـنىڭ مېنى قىينايدىغان تۇيغۇلىرىدىن ئۆزەمنى قاچۇرغان ھالدا ئىتتىك تۆۋەنگە چۈشتۈم.

_بولدى، سەن كىرمە!! مەن ئۆزۈم كىرەي_ شەپقەت مېنى تو ستى.بەلكىم ئۇ مېھماننىڭ ئالدىغا چىقماي ئۆزىنى كىرگۈزۈۋاتقان بۇ "قائىدىسىزلىك"تىن خىجىل بولۇپ قالغان بولسا كېرەك.

_ياق،مەنلا كىرەي بولدى،سـەن چىپىڭنى ئىچىۋەرگىن_مەن ئۇنىماي چىقىپ ئۇلارنىڭ ھوجرا ئۆيىگە كىردىم. ھوجرا ئۆي ھازىرقى ياشـلارنىڭ يېڭى ھوجرىلىرى ئۇسـلۇبىدا بېزەلگەن بولۇپ قوش كىشـىلىك كارۋاتتا ئالمىرە پۈركىنىپ ياتاتتى. دىمەك راسـتىنلا مىجەزى بولمىسـا كېرەك.مېھرىبان ھە دەپ ئۇنىڭغا گەپ قىلىۋاتقان ئىكەن.

_ سىلەرنى ئەنە چىقار،مانا چىقار دەپ ئىڭەك ساقلىسام ھىچ چىقمىدىڭلار،ئۆزۈم كىردىم_مەن كارۋات قېشىغا كېلىپ دىدىم.

_شۇ، بېشىم قىيىپ تۇرۇۋدۇ_ئالمىرە ئادەم سېھىرلىگۈچى تاتلىق ئاۋازى بىلەن ئەركىلەپ تۇرۇپ جاۋاپ بەردى.

_كىچىككىنە قىيىدىشىپ قالغانغا بىر كۈن كەچكىچە ھىچنىمە يىمەي بۇنداق ياتسىڭىز ھېلىمۇ ھىچ نىمە بولمايدىكەنسىز،مەن بولسام ئۆملىگەنچە كارۋات ئاستىغا مەڭگۈلۈك كىرىپ كەتكەن بولاتتىم_مېھرىبان ئاچچىق ئارىلاش شۇ گەپلەرنى قىلىۋەتتى.
_ئۇنداق قىلسىڭىز قانداق بولۇدۇ؟ئادەم دىگەن بۇنداق تاماق يىمىسە ئورۇقلۇق يېتىشمەسلىك كېسـەلى بولۇدۇ.ئۇنىڭ ھامىلىگىمۇ تەسـىرى بەك چوڭ بولۇدۇ_مەن ئادىتىم بويىچە كەسـپى سالاھىيتىم بىلەن گەپ قىلدىم.
_نەدىكى بالىكەن،ئېشەكنىڭ بىر نىمىسى ئۇنىڭغا...
مەن داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدىم.شـۇنداق نازۇك،جىلۋىگەر قىزنىڭ ئېغىزىدىن بۇنداق يامان سۆزلەرنىڭ چىقىشى "نەدىكى بالا"دىگەن سۆزىدىنمۇ بەك مىنى ھەيران قالدۇرۇۋەتتى.مېھرىبان ماڭا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ؛
_ھاي، ھاي، ئالمىرەخان.. ماۋۇندىگەدەك سـەت گەپلەرنى بايادىن بېرى مەن ئاڭلاپ قۇلاق پىشـقان بىلەن بىزنىڭ ماۋۇ خۇمارخان ھەيرانلا قالدۇ .شـۇنداق چىرايلىق ئېغىزىڭىزنى نىمە ئانداق بۇزۇش ئۇ؟؟_دىدى.
_مەن كۈنۈپ قـاپتىمەن_ئـالمىرە يۆلىنىـپ ئولتۇرغـاچ "پـاراققىـدە"كۈلۈۋەتتى ۋە قوشـۇپ قويدى_مەن مەكتەپ ئوقىمىغان بولغاچقا ياساپ سۆزلىيەلمەيمەن.
نېرى-بېرى بىر دەم پاراڭلىشـــىپ ئولتۇردۇپ ئاندىن قايتماق بولدۇق.ئالمىرە ئەتىگەندىن بېرى تالاغا چىقمىغانلىقى ئۈچۈن ھازىرمۇ چىقسـا بولمىغۇدەك.شـۇڭا ئۇ شـۇ يەردە،كارۋىتىدا ئورۇنۇپ ئولتۇرغان پېتى بىز بىلەن خوشلاشتى.
بىز شەپقەت ۋە ئاپىسى بىلەن خوشلىشىپ ئۇزاپ چىقتۇق. مېھرىبان ماڭا ئالمىرەنىڭ قورسىقىدا قالغىنىنىڭ يالغان ئىكەنلىگىنى شـۇ تۇپەيلى شـەپقەت بىلەن قاتتىق سـوقۇشـۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. پاراڭلىشـــىپ كېتىپ باراتتۇق. ئارقا تەرىپىمىزدىن بىرسـىنىڭ يۈگرەپ كېلىۋاتقانلىغى ۋە "زۇلخۇمار"دەپ توۋلىغىنى ئاڭلاندى.ئارقىغا بۇرۇلۇپ قارىسـاق شـەپقەت يۈگرەپ بىزگە يېتىشىپ كەلدى.
_نىمە بولدى؟
ھىچ نىمە.. مەن سىلەرنى ئاپىرىپ قوياي!!
_بىز ئىككى ئـادەم تۇرسـاق قورقـاتتىقمۇ؟_مېھرىبـان ئۇنىڭغـا قـاراپ كۈلۈپ قويۇپ_قورقىدىغىنىمىزنى بىز كەتكەندىن كېيىن ھىس قىلىپ قاپسـەندە ھە؟؟دائىملا بىر قەدەمدىن كېيىن ئىشلارنى ئويلايسەن سەن دۆت!!
_ئۇنداق دىمە بولدى_شەپقەت گۇناھكارلارچە مۇرىسىنى قىسىپ قويدى.

ئەمما سەن زۇلخۇمارنى ئايرىپ قوي،مەن دىل شاتقا تېلفۇن قىلغان.ئۇ ئالدىمىزدىكى كوچا ئېغىزىدا مېنى ساقلاۋاتىدۇ.ھەر نىمە بولسا مېنىڭ يولۇمنى قىسقارتتىڭ.

_مېھرىبان_ئۇ مېنىڭ تېگىرقاش بىلەن چاقىرغىنىمغا پەرۋا قىلمىغان ھالدا ئىلدام قەدەم بىلەن كوچا ئېغىزىدىن بۇرۇلۇپ كەتتى.

_ماگە،سېنى ئايرىپ قويسام بولمايدىغان يېرى يوققۇ!!_شەپقەت مېنىڭ ئوگايسىزلىنىپ قالغىنىمغا قاراپ قىيىدىغان ھالدا شۇ نداق دىدى. مەنمۇ ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا ئەگەشتىم.كېتىۋاتىمىز..بىر خىل بىر-بىرىمىزگە يات قەدەملەر بىلەن..بۇرۇنقىدەك ئەركىن ھالدا پاراگلىشىپ جاھاننىڭ پاراگلىرىنى قىلىشىپ مېڭىشلار يوق، يۈرەك رېتىملىرىمىز بىر ئاھاڭدا سوقالمىغانلىقىدىن ئىچى سىقىلغاندەك شۇ قەدەر تەرتىپسىز...بىزدىكى ئېغىر تىنىقلار ئوخشاش،كۆڭۈلسىز ھالدا يۈرىكىمىزنى بېسىپ تۇرغان تاشنىڭ سالمىقى ئوخشاش...

_ئۇرۇمچىگە قاچان ماگىسەن؟-ئۇ بوش ئاۋازدا سورىدى.

_يەنە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن.

_ھە....

يەنە ئۇن-تىنسىز.....

شۇ تەرىقىدە مېڭىپ كوچىمىزغا بۇرۇلىدىغان دوقمۇشقا كەلدۇق.ئۇ ئىختىيارسىز قەدىمىنى توختاتتى.

_خۇمار،بىر دەم پاراگلىشايلىچۇ؟؟-ئۇ خۇددى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا جاۋابىمنى كۈتمەستىن قولۇمدىن تۇتۇپ دوقمۇش يان كوچا تەرەپتىكى خالىي يەردىكى دەرەخ تۈۋىگە ماگدى.

_بۇ.. _مەن بوشقىنە قارشىلىق ئارىلاش تورمۇزلانمىغان قەدىمىم بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشتىم.شۇ تاپتا ئۇزىمىڭ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرىدىن تارىغان ھارارەت نېرۋىلىرىمنى كېرەكتىن چىقىرىپ مېنى ئاجايىپ بىر ھالغا كىرگۈزۈپ قويغان ئىدى.

_خۇمار... مەن ساگا يۈز كېلەلمەيمەن،ئۆزەمگىمۇ يۈز كېلەلمەيمەن....

_ئۇنداق دىمە..بۇ سېنىڭ خاتالىقىڭ ئەمەس ھەممىسى تەغدىر...

خىيالىمدا قانچە قېتىملاپ ئۇنى تىللىدىم..قانچە قېتىملاپ ئۇنىڭغا غەلۋە قىلىپ "بۇ سېنىڭ خاتالىقىڭ،بۇ خاتالىقىڭنىڭ دەردىنى بىر ئۆمۈر تارتىسەن"دىدىم..قانچە قېتىملاپ "خەپ يەنە كۆرۈشۈپ بۇ ئىشلارنى سۆزلىششكە ئىمكان بولۇپ قالار،شۇ چاغدا نىملەرنى دەيمەنكىن قېنى "دىدىم....ھەممىسى قۇرۇق گەپ..ھەممىسى.....

مەن ئۇنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرى. ياق.. قوللىرىلا ئەمەس پۈتۈن جىسمى، يۈرىكى.. ھەر بىر سەزگۈلىرىگىچە تىترەۋاتقان تىۋىشلىرىنى ئاڭلىدىم...

_مېنى كەچۈرگىن.. مېنى كەچۈر!!_ئۇ نالە قىلىۋاتقاندەك تەكرار شۇنداق دەيتتى...

- بۇ تەقدىر.. شەپقەت.. ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ ئامالى يوق..._مەنمۇ ھوشسىز ھالەتتە تىترەيتتىم...

تۇيۇقسىز ئۇ مېنى ئۆزىگە تارتتى... مەن دەرمانسىز ھالەتتە پەقەت يۈرىكىمدىن قىياندەك يامراپ كەلگەن تەلۋە تۇيغۇلارنىڭ ئەسىرى بولغىنىمچە ئۇنىڭ باغرىغا سىڭدىم.... ئىھ.. مۇھەببەت... شۇنچە ئىللىق گۈزەل يازلاردا ۋىسال تاپماي كەچكۈزنىڭ ئۆششۈك تەككەن پەسىلدە بەرگىلەردە قان-ياشلىق جاراھەت قالدۇرغۇچى بۇ دەملەرنى مەڭگۈلۈك ئەستىلىك قىلىپ قالدۇرغىنىڭ نىمىسى؟؟؟؟

بىر غايىۋى دۇنيا... ئىككىمىز بىر-بىرىمىزگە مەھكەم چاپلاشقىنىمىزچە، پۈتۈن ئىختىيارىمىزنى بىر-بىرىمىزگە ئاتا قىلغىنىمىزچە ئۇچۇۋاتاتتۇق...

مەن تۇنجى قېتىم سۆيگۈنىڭ قۇدرىتىنى ئۇنىڭ سېھىرلىك لەۋلىرىدىن ھىس قىلدىم.. بۇ ھاياتىمدىكى تۇنجى سۆيگۈنىڭ يۇمران لەۋلىرىمگە قالدۇرغان تۇنجى ئىزى ئىدى... شۇ تاپتا مەن ھەممىنى ئۇنتۇتقان، ئۇنىڭ ئالىلىقاچان ماڭا تەۋە بولمايدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ ھالال نىكاھلىق جۈپتى ئىكەنلىكىنى تامام ئۇنتىغان ئىدىم. پەقەت ئېچىرقىغان سۆيگۈ ھىسلىرىمنىڭ غەلىيانىدا ئۇنىڭ باغرىغا سىڭىپ كىرىپ قارشىلىقسىز ئۇنىڭ لەۋلىرى ئالدىدا كۆزلىرىمنى يۇمۇپ تۇرۇپ تەسلىم بولغان ئىدىم. ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مېنى بار كۈچى بىلەن باغرىغا سىڭدۈرىۋەتمەكچى بولغاندەك مەھكەم قۇچاقلايتتى... چاچلىرىمنى ھىدلايتتى..."خۇمار.. مېنى كەچۈر!!"دەپ نالە قىلاتتى......

شۇ تەرىقىدە قانچىلىك تۇردۇق.. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى... بىلمەيمەن......."نىمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟ مېنى شۇنچە ئازاپلىغىنىڭ يەتمىدىمۇ؟ ئەمدى سېنى قانداق ئۇنتۇيمەن؟"دىگىنىمنى.. ئۇنىڭ مېنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ خۇددى ئانىسىدىن ئازار يىگەن بالىدەك ئۆكسۈپ يىغلىغىنىنى "خۇمار، سەن بەك پاك.. سەن قاشتېشىدەك سۈزۈك.. مەن ساڭا لايىق كەلمەيمەن.. سېنى قولدىن بەرگىنىم ئۆمۈرلۈك پۇشايمىنىم"دىگەنلىكىنى. "ئايالى بار ئادەمنى سۆيۈپ قۇچاقلاش شاللاقلارنىڭ ئىشى ئىدى.. مەن ۋىجدانىمغا يۈز

كېلەلمەيمەن"دەپ يىغلىغانلىقىمنى "ياق،ئۇنداق دىمە...ھەممىنى قىلغان مەنغۇ.. سەن ھەرگىز ئازاپلانمىغىن"دىگەنلىگىنى،ئۇنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم گەدەنگىچە گۆ ناھ كار بولۇپ تۇرۇپ قايتا ـ قايتا قۇچاقلاپ "سەن بىلەن مەڭگۈلۈككە خوشلىشىمەن،ئەمدى مېنى ئىزدىمە،ئايالىڭ بىلەن ياخشى ئۆتكىن،ئاپاڭغا ياخشى قارا "دەپ ئارقامغا ئۆرۈلۈپ يۈگرەپ ماڭغانلىقىمنى غۇۋا ئەسلەيمەن.ئۇنىڭ" خۇمار، ، ،"دىگەن ئايانچلىق ئاۋازى ھېلىمۇ قۇلاق تۈۋىمدە.........

شۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش ھاياتىمدىكى تۇنجى ۋە ئاخىرقى ھەقىقى سۆيگۈ لەززىتىدە بىھۇشلانغان بىر قېتىملىق ئۇچرىشىش بولۇپ قالدى.

ئادەم دىگەن ئاجايىپ ئىكەن. كەچكىچە قولدىن كەتكەن نەرسىلەرگە ئۆكۈنۈش ئورتاق پىسخىكا كېسەللىكى بولسا كېرەك.ياكى ھايات مۇساپىسى قانچە ئۇزىرىغانسىرى خوشاللىققا قارىغاندىمۇ بىسىم،ئازاپ دىگەنلەر ئېغىرلاپ بارامدىكىن دەيمەن.بولمىسا نىمىشقا ياشلىق مەزگىلىگە قەدەم قويغانلار باللىق ۋاقىتلىرىنى قايتىپ كەلسىچۇ دەپ تامشىپ،ئوتتۇرا ياشلىقلار يا شلىق ۋاقىتلىرىنى ھەي قىران ۋاقىتلار دەپ ئە سلە شىپ يا شانغانلار ئوتتۇرا ياش ۋاقىتلىرىنى زوق بىلەن تىلغا ئېلىشىپ ئۆتۈدۇ دەيسىز؟؟؟يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش "ئوقۇغۇچى ۋاقىتلار نىمىدىگەن غەمسىز ۋاقىتلار ھە"دەپ كېتىدىغانلارچۇ؟؟ مەن دىسەم ئوقۇغۇچى ۋاقىت ھەرگىزمۇ غەمسىز ۋاقىت ئەمەس.. ئوقۇغۇچى ۋاقىتلار نەچچىلىگەن بېسىملارنىڭ كىشلەرنى تەڭلا بېسىۋالىدىغان ۋاقتى..قانداقچە دەمسىز؟؟ ئوقۇغۇچى ۋاقىت دىگەن ياخشى ئوقۇپ كەلگۈسى يەنى بىر ئۆمۈرلۈك ياشاش يولىڭىزغا ئۇل سالىدىغان شۇنداق چوڭ مەسئۇلىيەت ئۈستىڭىزگە ئارتىلىدىغان ۋاقىت..يەنە تېخى بۇنىڭدىن باشقا ياشلىقنىڭ سىزنى ئېزىقتۇرىدىغان مۇھەببەت كويلىرىنى قولىقىڭىز تۈۋىدە تىنماي جاراڭلىتىپ سىزنىڭ كاللىڭىزنى ھەر ۋاقىت چېچىپ تۇرۇدىغان شۇنداقلا كېيىنكى تۇرمۇشىڭىزنىڭ ئۇلى بولغان مۇھەببەتلىك ئائىلە ئۈچۈن توغرا تاللاشلارغا كاللا قاتۇرىدىغان ۋاقىت..بۇ بېسىملار سىزچە يېنىك بېسىممۇ؟؟

ئاۋۇ ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرگەنلەرچۇ..دىمەكچىمۇ سىز.. ئۇلار كۈلۈپ ـ ئويناپ يۈرگىنىدىمۇ ئۆز دەردىنى بىر ئۆمۈر تارتىپ بۇ ۋاقىتتىكى ئىسراپچىلىقى ئۈچۈن ھەسسىلەپ بەدەل تۆلىگۈچىلەردۇر..

مەن مەكتەپكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزەمنى تېخىمۇ يوقىتىپ قويدۇم.قانداق يوقىتىپ قويدۇم ..مەن بۇرۇنقىدىنمۇ بەتتەر جا پالىق ئۆگىنىش قوينىغا كىرىپ كەتتىم.بۇ يەردە تەكىتلەپ ئولتۇرمىسامىمۇ ھەممىڭلارغا ئايان.تىببى ئىلىم ھەممە پەنلەر ئىچىدە ئېغىرراق بولغان

بىر ئىلىم. تىببى ئىنستىتۇتنىڭ بالىلىرى ئىچىدە ئالدى پىشانىسىنىڭ چېچى چوشۈپ كەتمىگەنلەر بەك ئاز ئوچرايدۇ. بۇ ئىنسانىيەت ساغلاملىقىنىڭ ئىزدىنىش تەتقىق قىلىش باسقۇچى بولۇپلا قالماستىن بەلكى ھازىرقى شۇ ساغلاملىقنىمۇ ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يۈكسەك مە سئۇلىيەت تەلەپ قىلىدىغان بىر پەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كە سىپكە ئە شتىياق باغلىغانلىكى ئادەم ئۆزىنى قاتتىق دەڭسىمسە بولمايدۇ.

مەنمۇ شۇنداق.. پۈتۈن ئۆي خىياللىرىمنى كەينىمگە تاشلىۋېتىپ قولۇمدىكى ئېغىر-ئېغىر كىتاپ،تەجرىبىخانىلاردىكى بىزگە تېخىمۇ ئىزدىنىش يوللىرى ئۈچۈن چوڭ سوئال بەلگىلىرىنى تۇتۇپ تۇرغان ئىسكىلىت ۋە ھەر قايسى ئەزالار دۆۋىسىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتىم.

بۇ جەريا ندا ئەزان تووۋلاپ قويىدىغان "زۇلخۇ مار"دىگەن ئىسمىم ئۆزگىرىپ كەتتى. نىمە دەپ؟ ؟ھى ھى ئۇنى دىيىشكە سەل ئۇيۇلۇپ تۇرسامىمۇ لەقەم خۇمارلارنى تەنقىتلىگەن ئاساستا يەنىلا دەۋرەي.. ئىسمىمنى بەزىلەر"مۇزخۇمار" دەپ ئۆزگەرتىۋاپتۇ. بەلكىم داۋاملىق قوشۇمامنى تۈرۈپ خىيالچان ھالدا يۈرىدىغان،قەيەردە دىسە شەكسىز تەجرىبىخانا ۋە كۇتۇپخانىدىن چىقىدىغان ياشلىقنىڭ قايناق دەملىرىنى بىھۇدە ئىسراپ قېلىۋاتقان تۇرقۇم بەزىلەرگە ماڭا ئۆز ئىسمىدىنمۇ مۇشۇ ئىسمىنىڭ بەكلا مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى ھىس قىلدۇرغان بولسا كېرەك....

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە يەنە سىلكىنىش خارەكتىرلىك بىر ئىش بولدى. ياتاقتىن چىقىپ كېتىۋاتاتتىم"زۇلخۇمار"دەپ بىرەيلەننىڭ تووۋلىغىنىنى ئاڭلىدىم. شۇنداق قاراپ دەماللىققا تونۇيالماي بىرىپ تونۇدۇم. بۇ ئالمىرە ئىدى. مەن غۇلجىدىن قايتىپ كەلگەندىن بىرى ئۇلار توغرىلىق ھەر قا نداق خەۋەردىن ئۆزەمنى قاچۇرۇپ ئۆتتۇۋاتاتتىم. ما ڭا شۇ نداق خەۋەر يەتكۈزمەكچى بولغان دوستلىرىمنىڭمۇ گېپىنىڭ شېخىغا ئۇرۇپلا دىگۈزمەيتتىم. بىز ناھايىتى تەبىئى ھالەتتە خۇددى ئۇزۇن يىللىق دوستلاردەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق. ئاندىن مەن مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىدىن قەغەز ئېلىپ چىقىپ ياتاققا باشلاپ كىردىم.ئالمىرە يەنىلا بۇرۇنقىدەك شۇنداق چىرايلىق،ئوماق ئىدى.ئۇ قىز مەن بىلەن بىر ھازا ئەھۋالل شىپ ئاندىن ئۆزىنىڭ ئۇرۇمچىگە كېلىش سەۋەبىنى ۋە مىنى قانداق ئىزدەپ تاپقانلىغىنى ئېيتتى. ئۇ قىز مۇشۇنىڭ بىلەن تۆت قېتىم ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ھەر قېتىمدا شەپقەت ئىككىسى بىر-بىرىنىڭ گېپىنى ئىلىك ئېلىشماي رەنجىشىپ ئاچچىقىغا پايلىماي قارىمايغا گەپمۇ قىلماي قايتىپ كېتىدىكەن. كەينىدىن شەپقەت بىرىپ يا ندۇرۇپ كېلىدىكەن.نىمە جېدەل دىمەمسىز؟ئۇ ئەرزىمەسلا بىر ئىشلار..بەزى چاغلاردا كىيىم كىيىش جىدىلى بار ئىكەن شۇ..

_نىمشكە بۇنداق قىلىسىز؟_مەن ئىچىم سىقىلغان ھالدا سورىدىم.

_ۋايەي..مەن بەك زېرىكىپ كەتتىم.. ئاپىسى بەك كوت-كوت. ھېلى ئۆينى ئۆگىنىمەك دەيدۇ،ھېلى بۇنى ئۆگىنىشنىڭ دەيدۇ_ئۇ چىرايلىق لەۋلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ تۇرۇپ جاۋاپ بەردى._شەپقەتقۇ مېنى بەك ياخشى كۆرىدۇ(بۇ گەپتىن يۈرەكلىرىمگە ئاغرىق كىرىپ كەتتى)شۇ ئىككىمىز بەك ياخشى..ئاپىسىلا بىزنى ياخشى قىلمايدىغان.
_ياشىنىپ قالغان ئادەملەر شۇنداق بولىدۇ ئالمىرە.سىزمۇ كېلىن بولغاندىن كېيىن ئېغىرراق بولۇپ تولىراق ئىشلاردا بىر كۆزىڭىزنى قىسىۋېلىپ ئۆتسىڭىز بولمامدۇ؟
_ۋاي جان..نىمە دە يىدىغانسىز زۇلخۇمار..بىز قانچىلىك ياشاپ قانچىلىك ئۆمۈر كۆرەتتۇق..ئاپىسىنىڭ ئۇنچىلا گېپىنى كۆتۈرۈپ ئۇ خەقنىڭ ئۇنچە جىق ئىشىنى قىلىپ كۆڭلىرىمنى بىر ئۆيگە باغلىنىپ ئۆتكۈزىدىغان بېشىم ئىششىپ قالمىدى مېنىڭ..
_ئەمىسە ھازىر قانداق قىلاي دەيسىز؟
_بۇ يەردە بىر باي سودىگەر ئاكاش بار ئىدى. شۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ بىر نەچچە كۈن ئويناپ ئاندىن قارىمايغا كېتىمەن.
_ئالمىرە..سىز..بۇنداق قىلسىڭىز قانداق بولىدۇ؟؟ سىز دېگەن بىرسىنىڭ نىكاھىدىكى ئادەم تۇرسىڭىز؟؟-كۆزلىرىم چەكچەيتەك بولۇپ ئاۋازلىرىم كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.
_نىكاھىدىكى؟؟_ئۇ كۆزلىرىمگە تىكىلىپ تۇرۇپ سوغۇق كۈلدى_ئۇنداق بولسا نىمە بوپتۇ؟؟
_نىمە؟_مەن ھەيران-ھەس بولغان ھالدا قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم.
_سىزلا دىمىسىڭىز ھېچكىم بىلمەيدۇ.سىزگە ئىشىنىمەن،سىز چوقۇم سىر ساقلايسىز ھە؟؟_ئۇ يەنە ھېلىقى جىلۋىلىك تەبەسسۇمى بىلەن بوينۇمغا ئېسىلدى.شۇ تاپتا ئالدىمدا تۇرغىنى ئادەم ئەمەس بەلكى ئادەم قىياپىتىدىكى جىن-ئالۋاستى ئىدى.تېنىم شۈركەنگەن ھالدا نىمە دىيىشىمنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدىم.
_مەن شۇنچە چىرايلىق پىگورۇم بىلەن غولجىغا بارغاندىن بېرى ئۆزۈم خالىغان كىيىملەرنىمۇ كىيىپ باقمىدىم. مېنىڭ ئۇ يەردە ئاتا-ئانام بولمىسا..نىمە بىلەن كۆڭلۈم خوش بولىدۇ شۇ ئىككى-تۆت تال كىيىم-كېچەك زىبۇ-زىننەتلەر بىلەن كۆڭلۈم خوش بولمىسا..بىراق ئاپىسى شۇنداقلا بىر نىمە كىيىپ بولغۇچە كىيىم-كېچەكنى كۆپ كىيىشنىڭ يامانلىققا ياتىدىغانلىقى توغرىسىدا شۇنداق بىر ۋەز-نەسىھەت باشلايدۇكىن..زۇلخۇمار.. مەن پەقەت چىدىمىدىم.._ئۇ لەۋلىرىنى ئۈچلاپ تۇرۇپ دومسايدى. كاللامدا جىددى كۆرەش بولۇۋاتاتتى..نىمە قىلىشىمنى بۇ قىزنى قانداق قىلىپ گېپىمگە كىرگۈزۈپ نىيىتىدىن قايتۇرۇپ غولجىغا يولغا سېلىۋېتىپ يامان ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىمۇ بىلمەيتتىم. شۇنداق قىلىپ ئۇ كۈنى ئالمىرە مېنىڭ ياتىقىمدا قونۇپ قالدى. قانچىكى تەربىيە ئىشلىمەي قانداقلىكى گەپ

قىلماي قارىسام بۇ قىز زادىلا گەپ يەيدىغاندەك ئەمەس.. ئاخىرى بولماي مېھرىبانغا تېلېفون قىلدىم .ئۇ ئەتىسى تاڭ سەھەردىلا يېتىپ كەپتۇ.ئۇمۇ ئاخىرى گەپ يىمىگەن بۇ قىزنى ئېغىزىنى بۇزۇپ شۇنداق سەت تىللار بىلەن تىللاپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئالمىرە يامانلاپ كېتىپ قالدى.. بۇ ئىش مېنى نەچچە ۋاقىتقىچە بىئارام قىلىپ ساراڭ بولۇپ قالايلا دېدىم.شەپقەتكە بۇ ئىشنى مېھرىبان ئۆزى يەتكۈزىدىغان بولغاچقا ھەم بۇ ئىش سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئائىلە مۇناسىۋىتى بۇزۇلسا مېنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ قالماسلىقىم ئۈچۈن بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ تۇرۇۋالدىم.

كۈنلەر بىر-بىرىنى قوغلاپ ئۆتۈۋاتاتتى.. مەكتەپ پۈتتۈرۈشىمىزگىمۇ ئازلا قالدى. مەن ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانىغا تىرىشىپ قويغان ئىدىم. بولسا غۇلجىغا قايتماسلىق خىيالىممۇ يوق ئەمەس ئىدى. بىراق تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بىر ئىش ئوي-خىياللىرىمنى يەنە ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتى.

غۇلجىنىڭ مەلۇم ناھىيە بازىرىدا ئولتۇرۇشلۇق مومام (مېنى كىچىكىمدە بېقىپ چوڭ قىلغان) بىتاپ بولۇپ قېلىپ ناھىيە دوختۇرخانىسىغا بېرىپ دوختۇرخانىدا ياخشىراق دوختۇرلار بولماسلىق شۇنداقلا خاتا داۋالاش نەتىجىسىدە شۇنداق تۇيۇقسىز تۈگەپ كەتتى.بۇ ئاپامغا شۇنداقلا مومامنى ئۆز ئاپامدەك كۆرىدىغان ماڭا بەك قاتتىق زەربە بولدى. كاللامدا چوڭ بىر سىلكىنىش بولدى..تەرەققىيات قالپىقىنى يوغان ئارتىۋالغان ،ئىلىم-پەن ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر شۇنداقلا تىببىي داۋالاش سەھىيىسىدىمۇ بۇرۇنقى داۋا يوق دىگەن كېسەللەرگە داۋا تېپىلىپ كىشىلەر خېلىلا خاتىرجەم بولۇپ قالغان مۇشۇنداق بىر ۋاقىتتىمۇ ئاددىغىنە بىر كېسەل ئۈچۈن ئادەم ئۆلۈش ئىشلىرى كۆرۈلسە.....بىزدەك مەكتەپ پۈتتۈرگەن ياشلارنىڭ ھەممىسى ئاسپىرانتلىق ماگىستىرلىق دىگەندەك يۇقىرى بىلىم ئۇنۋانلىرىنى مەيدىمىزگە تاقاپ چوڭ شەھەرلەردە تاقىلداپ ئىشلەپ يۈرگەنلىرىمىزدە ئاشۇنداق چەت ياقا يېزا دوختۇرخانىلىرىدا ئاددىغىنە كېسەللىك ئۈچۈن شىپا تاپالماي ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇۋاتقانلاردىن قانچىلىكى بار؟؟بۇنىڭغا زادى كىم سەۋەپچى؟؟؟ چوڭ دوختۇرخانىلارغا بېرىپ كېسەل كۆرسىتىپ داۋالىنىشقا بىزنىڭ ئاشۇ يىراق يېزىلاردىكى ئاددىي دېھقانلىرىمىزنىڭ قۇربى يەتمىسىغۇ ياخشى بولاتتى، بىراق داۋاملىق تېلىۋىزورلاردا ئاشۇ يېزا-كەنتلەردىكى دېھقانلىرىمىزنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ يىلدا بىرەر قېتىم كېلىدىغان ھېيت-بايراملاردا ئىنجىقلاپ كۆتۈرۈپ ئەكىرگەن بىر خالتا ئۇنى ياكى قىپ-قىزىل يۈزىنى ئېكرانغا يېقىن تۇتۇپ قوللىرىغا تۇتقۇزۇۋاتقان بىرەر يۈز كوي پۇللار ئۈچۈن تەسىرلىنىپ،ھاياجانلىق ياشلىرىنى ئاقتۇرۇپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇمىزغۇ؟؟ ئۇلارنىڭ

قۇربى قانداقمۇ بىر يىللىق ھال سوراش ئۈچۈن بېرىلگەن ئاۋۇ قىزىل پۇللارنىڭ نەچچە ئون ھەسسىسىنى تۆلەپ كىرا قىلىپ يېتىپ داۋالىنىشلارغا يەتسۇن؟؟
زىندىيەتكە تولغان قەلبىم ئانىسىدىن ئازار يىگەن كىچىك بالىدەك بۇقۇلداپتتى، ئىندا قىلاتتى، گاڭگىراپتتى، سانسىز سوئال بەلگىلىرى ئىچىدە تەمترەيتتى...
"ياق، مەن ھەممىنى قايرىپ قوياي.. خىزمەتكە چىقىپ تەدرىجى ھالەتتە ئۆگەنمىگەننى ئۆگەنگىلى، بارا-بارا يېتىلگىلى بولىدۇ. مەن كېتىشىم كېرەك..كەتكەندىمۇ ئۆز يۇرتۇمنىڭ يىراق يېزىلىرىغا بېرىپ ئىشلەي!!"
مانا بۇ يەكۈن، مانا بۇ "مۇز خۇمار"نىڭ ئاخىرقى قارارى...
بۇ قاراردىن سىنىپ تەربىيەچىمىز، ساۋاقدا شلىرىمىز، دو ستلىرىم، جۈملىدىن مېھرىبان، دىل شات قاتارلىقلار قاتتىق چۆچۈپ كەتتى..
ئاتا-ئانامۇ دەماللىققا قوبۇل قىلالماي قالدى. چۈنكى كىممۇ ئۆز يۈرەك پارىسىنىڭ ئۆزلىرىدىن ئايرىلىپ بىر قەدەم تۆۋەن بولغان ئورۇندا جاپا تارتىشىنى خالايدۇ دەيسىز؟؟
لېكىن مېنىڭ جاھىللىقىم ھەممىدىن غالىپ كەلدى.. ئۆز شەھرىمدىن ئۆزەمنى قاچۇرۇشقا ئىدىيەرىمدە تەيارلىق كۆرۈپ قويغان ئىدىم. چۈنكى شەھەردىكى ئاشۇ تونۇش سىما، ئاشۇ تونۇش ھىدلار، ئاشۇ تونۇش يوللار...ھەممە تونۇشلۇقلار.. مېنى مەڭگۈلۈك قىيىنىشى مۇمكىن ئىدى.....
شۇنداق قىلىپ تىببى ئىنىستۇتنى ئەلا نەتىجىدە پۈتتۈرۈپ غۇلجا شەھرىنىڭ مەلۇم ناھيەسىدىكى دوختۇرخانىغا كېلىپ ئىشقا چۈشتۈم. مېھرىبان دىلشات بىلەن ئۇرۇمچىدە قالدى. ئۇ مەن ماڭار چاغدا بويىنۇمغا ئېسىلىپ يىغلاپ-قاخشاپ مېنى تىللاپ ئالەمنى-مالەم قىلىۋەتتى. بىچارە دوستۇم مېنى شەپقەتتىن ئايرىلغاندىكى ئازاپ بۇنى شۇنداق يوللارنى تاللاشقا مەجبۇر قىلدى دەپ چۈشەنگەن ئىدى.
ئىشقا چۈشكەن تۇنجى كۈنۈم ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىۋاتاتتىم.
_سانىيە ھەدە، ئاڭلىسام شەھەردىن سىلەرگە چىرايلىق بىر قىز دوختۇرنى بۆلۈنۈپ كەپتۇ دەيدۇغۇ_دىگىنىچە ئىگىز بويلۇق، يېشى 30 لار ئەتراپىدا بار كېلىشكەن بىر يىگىت كىرىپ كەلدى. ئۇ كىرىپلا مېنى كۆرۈپ مەڭدىگىنىچە تۇرۇپلا قالدىدە، قىزىرىپ كەتتى.
_قىز كەپتۇ دىگەننى ئاڭلاپلا ئۈچۈپ يىسىزدە ئادىل _سانىيە دوختۇر كۆزنى قىسىپ قويۇپ مېنى تونۇشتۇردى_ شۇ..بىزگە ئاسماندىن تا شلاپ بەرگەندەكلا بۇ چىرايلىق قىزنى بېرىپتۇ. تىببى ئونۋىرستىتنى پۈتتۈرگەن داشۆسىڭ دەگە...

_ياخشىمۇسىز؟_يىگىت سىنچى كۆزلىرى بىلەن ماڭا سەپ سالغاچ ئەھۋاللاشتى.
_ياخشىمۇ سىز_مەن جاۋابەن ئەھۋال سورىغاچ ئۇنىڭ تىكىلىپ قارىشىدىن ئۆزەمنى قاچۇرۇپ ئۈستەل ئۈستىدىكى كېسەللىك ئارخىپىنى ۋاراقلاپ تۇرۇۋالدىم.
_ياخشى بوپتۇ..مۇشۇنداق داشۆسكىلەر يوق بىزدە.. بۇ قىزدەك نەچچە داشۆسكىلا كېلىدىغان بولسا دوختۇرخانىمىز ياخشى بولۇپ كېتەتتى_يىگىت سانىيە دوختۇرنىڭ"دا شۆ سىڭ"دىگەن گېپىنى قايتىلاپ سوزۇپ تەلەپپۇز قىلغىنىچە كۇلدى.
_تونۇشۇپ قالايلى،ئىسمىم ئادىل،تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە ئىشلەيمەن.
_ئىسمىم زۇلخۇمار..يېڭىلا ئوقۇش پۈتتۈردۈم.كۆپرەك يول كۆرسىتەرسىز!!
_شـــەھەردىن كەپتۇ دەپ غۇلغۇلا بولۇپ كېتىپتۇ..كىچىككىنە يەردە شـــۇنـــداق بولۇدىكەن. ئاســــانلىقچە بۇ نداق ئىشـــلار بولمىغا ندىكىن...قېنى كېيىنكى ئىشـــلاردا ھەمكارلىشــــارمىز.._ئادىل بۇرۇلۇپ ســــانىيە ھەدىدىن قانداقتۇر بىر كېســــەللىكنىڭ بىر ماتىرىيالىنى سۇرۇشتۇرۇپ ئاندىن ماڭا قاراپ كۇلۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.
_ئۆزىغۇ بەكلا ئېسىل ياخشى بالا، شۇغىنىسى نىكاھدا تەلىيى كەلمىگەن بىچارىنىڭ،_سانىيە دوختۇر ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ شـــۇنداق دىدى_ئايالى بىلەن ئەپ بولالماي ئاجرىشــــىپ كەتتى. دۇنيالىقتا بىر تاللا ئاپىســــى بار دەڭا...دادىســــى كىچىك ۋاقتىدىلا تۈگەپ كېتىپتىكەن.ئاپىســــى بالامنىڭ بويىنى قىســــىلدۇرمايمەن دەپ قايتا ياتلىق بولماي چوڭ قىلىپتىكەن. شۇڭا ئاپىسىغا تىك كېلىدىغان ھەر قانداق ئىشنى كۆتۈرەلمەيدۇ.بىراقزە يۇرگەن قىزى توي قىلىشنىڭ ئالدىدا بۇ ئىشلارنى ئالدىدىن ئۆتكۈزسە زادى چاتاق يوق دەپ تويدىن كېيىن باشــقىچە بولۇۋېلىپ ئانىنىڭ دىلىنى ئاغرىتىپ ..ئاخىرى بولماي ئاجرىشــىپ كەتتى. شۇنىڭدىن بېرى قىز بالا دىگەنگە ئىشەنمەيمەن دەپ ھىچكىمگە كۆز سالماي ئۆتتۈۋاتىدۇ...
بۇ يەردىكى تۇنجى كۈنۈم شـۇنداق باشـلاندى. كۈندۈزى يېڭى مۇھىت،يېڭى ئىشـلار بىلەن تونۇشـۇش ئىچىدە ئۆتى_ بۇنى ئويلاشـقا چولام تەگمىگەن ئىكەن . كەچتە ئىشـتىن قايتىپ ئىجارىگە ئالغان بىر كىشىلىك ياتىقىمغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا بىر خىل غېرىپلىق ئىچىدە قالدىم. يېڭىلا ئوقۇش پۈتتۈرگۈچىلەردە بولىدىغان ئوقۇش ھاياتىنى، ساۋاقدا شلىرىنى سېغىنىش تۇيغۇلىرىمغا قوشۇلۇپ ئۆرۈمچىدىن كەلگەندىن كېيىن بۇ يەرگە كەلگۈچىلىك ئارىلىقتا شەپقەت توغرىلىق ئاڭلىغان گەپلەر قايتا ئېسىمگە كېلىپ مېنى تېخىمۇ بەك ئازاپلا شقا با شلىدى. ئا شۇ قېتىملىق كېتىشتىن كېيىن شــەپقەت ئالمىرەنى ياندۇرۇپ كېلىشــكە پەقەتلا ئۇنىماپتۇ.بىراق كۈندىن_كۈنگە مىجەزى ئوساللىشــىپ،كۈندە ھاراق ئىچىپ_چېكىپ ئويناپ يۈرۈدىغان ئۆي بىلەنمۇ كارى بولمايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ.كېيىن ئۇ ئاپىسىغا بىر پارچە خەت قالدۇرۇپ قويۇپ

ئاللىكىملەر بىلەن ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ھازىرغىچە ئاندا ـ ساندا مەن ئۇ يەردە،مەن بۇ يەردە دېگەن ئۆچۈرى كېلىپ قالىدىكەن،بولمىسا يوقمىش.. ئاغىنىلىرىنىڭ ئاڭلىشىچە ئۇ ئىچكىرىدە ئاق چېكىشكە خۇمار بولۇپ قاپتۇ.. بىراق قايتىپ كېلىشنى زادىلا خالىمايدىكەن. كۆزلىرىمدىن ياش تۆكۈلەتتى.. ئەلبۇمدىكى بىللە چۈشكەن رەسىملىرىمىزنىڭ ئۇستىگە تۆكۈلگەن ياشلىرىم ئۇنىڭ سەبى ۋاقىتلىرىنى تامام يۇيۇۋەتمەكچى بولغاندەك بارا ـ بارا خىرەلە شتۇرۇۋېتىپ باراتتى... ئۇ شۇنچە ئەسكى بولىسىمۇ،باشقىلار ئۇنى شۇنداق ئەسكى دېسىمۇ مەن ئۆچۈن ئۇ يەنىلا شۇنداق سۆيۈملۈك ئىدى،ئۇنى يەنىلا تونجى،پاك غۇبارسىز ھىسلىرىم بىلەن سۆيەتتىم.

تەنھالىق،غېرىپلىق مېنى قانچىكى بوزەك قىلسىمۇ مەن چوقۇم بەرداشلىق بېرىشىم كېرەك.چۈنكى مەن نۇرغۇن،نۇرغۇن ئويلىنىشلارنىڭ كىرپىكلىرىمنى جۇپلەشتۈرمەي ئاپئاق تاڭنى كۇتۇۋېلىشىم بەدىلىگە بۇ يەرگە كېلىپ ئىشلەشنى قارار قىلغان.دادامنىڭ قوشۇملىرىنى جىددى تۈرۈپ ماڭا ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن تىكىلىپ قارا شلىرىغا بەردا شلىق بېرىپ،ئاپامنىڭ يۇم ـ يۇم يىغلاپ "دۇنيالىقتا ئىككىلا قىزىم بولغىنى...ئەمدى بۇ ئىككىسىنىڭ بىرى ئۇرۇمچىدە بىرى بۇ شەھەردىن يىراق يېزىدا ئىشلەيمەن دەپ..بىرسىمۇ يېنىمدا تۇرمىغىنى نىمە ئەمدى"دەپ زارلاشلىرىغا سۇغۇققانلىق بىلەن "ئاپا،سەن مېنىڭ ۋىجدانلىق خەلق سۆيەر ئادەم بولۇشىمنى ئۈمۈت قىلاتتىڭغۇ..ئەگەردە شۇ تۆۋەن دەرىجىلىك دوختۇرخانىدا ياخشىراق دوختۇرلار بولغان بولسا مومام شۇ ئاددى كېسەل بىلەن كېتىپ قالمايتتى.. مەنمۇ شۇ ..شۇلارنى ئويلاۋاتىمەنغۇ"دەپ تۇرۇۋېلىپ "ھەقىقى پارتىيە ئىستىلى"نى روشەن گەۋدىلەندۈرگەن ھالدا بۇ يەرگە كەلگەن ئىكەنمەن قىلچە زارلانماسلىقىم كېرەكتە...

بىراق شۇنى ئېتىراپ قىلىمەنكى مەن قانچىكى "مۇز خۇمار"بولسامۇ بىراق مەندىكى يۈرەكمۇ سىزنىڭ ۋە باشقىلارنىڭكى بىلەن ئوخشاشلا گۆشتىن پۈتۈلگەن..شۇنىڭ ئۆچۈن يەنىلا "ئۇ"نىڭ سايىسىدىن يىراق قاچالماي نەچچە يىلدىن بېرى خىيالىمدىكى "ئۇ"بىلەن يا شاپ خىيالي دۇنيارىمنى بېزەپ كېلىۋاتىمەن ئەمەسمۇ؟؟..

خىيال..خىيال...يەنە شۇ خىيال...."ئۇ شۇ تاپتا نەلەردە يۈرىدىغاندۇ؟راستىنلا باشقىلار دېگەندەك شۇ يا مان يوللارغا كىرىپ قالغانمىدۇ؟ كۇنلىرى ئۆكۈنۈش، ئازاپ بىلەن ئۆتۈۋاتقانمىدۇ؟مېنى خىيالىغا كەلتۈرەرمۇ؟يەنىلا ماڭا يۈز كېلەلمەيمەن دەپ ئۆزىنى قىيناپ يۈرەمدىغاندۇ؟؟ ئۇ دەسلەپتىلا ئائىلە ئىقتىسادى،ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئورنى قاتارلىق جەھەتلەردە مەندىن كۆپ تۆۋەن ئورۇندا تۇرۇۋدىغانلىقىدىن ماڭا بولغان مۇھەببىتىنى قەلبىگە باستۇرۇپ مەجبۇرى ئۆزىنى خوشال كۆرسىتىپ ئۇنىڭ ،بۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىپ ،ماڭا ئەتتەي سوغۇق ۋە

پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق مېنىڭ ھەر جەھەتتىن ئۆزەمگە ماس كېلىدىغان بىرسىنى تېپىۋېلىشىمنى كۈتكەنلىگىدەك ئەخمىقانە ئىشلىرى ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇۋاتقانمىدۇ؟؟
مېنىڭ چۈشەندۈرۈشۈمنى كۈتمەي مېنى ئوقۇشقا بېرىپلا بىرسىنى تېپىۋاپتۇ دېگەن خاتا چۈشەنچىدە ئەتتەي مېنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە بارغانلىقىنى يوشۇرۇپ قىشلىق تەتىلدە ماڭا كۆز-كۆز قىلىپ مۇھەببەت تۇتۇپ سورۇنغا باشلاپ بارغانلىقى..كېيىنمۇ قارىمايلىق قىز بىلەن تونۇشۇپ ئۇقەت قىلىش جەريانىدىكى شوخلۇقلارغا يول قويۇپ سېلىپ ئۇنىڭغا باغلىنىپ قېلىپ ۋىجدانىي جەھەتتىن ئۇنىڭغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن بەك كۆپ بەدەل تۆلىگەنلىكىدەك كارتىنىلار ئىچىدە تەمتىرەپ يۈرەمدىغاندۇ؟؟ قايتىپ كېلىشنى ئويلىمامدىغاندۇ؟؟ .......

خىياللىرىم پىرقىراپ،پىرقىراپ يەنىلا ئۇنىڭ ئەتراپىنى چۆگىلەيدۇ،ياش تۆكىدۇ،ئۇھ تارتىدۇ،ھالسىرايدۇ....

ھەش-پەش دېگۈچە خىزمەتكە چۈشكىنىمگىمۇ نەچچە ئاي بولۇپ قالدى. بۇ جەرياندا مەكتەپتە ئۆگەنگىنىمدىن بۇ يەردە ئۆگەنگىنىم كۆپ بولدى دېسەم ئىشەنمەسسىز..راستىنلا شۇنداق بولدى..نېمىشقا دەمسىز..ھەي نېمىسىنى ئېيتاي..مەن مەكتەپتە ئۆگەنگەن نەزىرىيە بىلىملىرىنى ئەمەلىيەتتە كۆرۈشتە يەنىلا شۇ مەكتەپ دوختۇرخانىسى (医学院)دە پىراكتىكا قىلغان ئىدىم.ئۇ يەردە شۇ يۇقىرى تېخنىكىلىق ئەسۋاپلاردا تەكشۈرۈش،تېخنىكىلىق باھالاپ دىئاگنوز قويۇش دېگەنلەرنى پىششىق ئۆگەنگەن بولسامۇ بىراق بۇ ناھىيە دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارغا پەقەتلا ماس كەلمەيدىكەن، قىسقىسى **B** تىپلىق ئۇلترا بىنەپشە نۇرلۇق تەكشۈرۈش ئەسۋابى(超**B**)نىڭمۇ تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئېنىقلىق دەرىجىسى ئوخشىمايدىكەن. بۇ ئىشلارغا قارىتا قايناپمۇ قالىمەن. ھۆكۈمەت بۇ تۆۋەن ئورۇنلاردىكى كىشىلەرنى پەقەت ئاددى كېسەللەر بىلەنلا ئاغرىيدۇ دەپ قارامدىغاندۇ؟؟ نېمىشقا مۇ شۇنداق يەرلەرگە كۈچ چىقىرىپ ئېھتىياجلىق بولغان ئەسۋاپلارنى سەپلىمەيدۇ؟؟ بۇ يەردىكى بەزى دوختۇر-سېستىرالارمۇ شۇنىڭغا ماسلاشقان ھالدا سەللا جىددى كېسەللەر بولسا شەھەرلىك،ئوبلاستلىق دوختۇرخانىلارغا يۆتكەڭلار دەپلا قۇتۇلىدىكەن. بۇ گەپنى ئاڭلىغان بىچارە كىشىلەرنىڭ چىرايىدىكى تاتىرىشنى پەقەتلا كېسەللىك ئەھۋاللىرىغا بولغان ئەنسىرەشتىكى تاتىرىش دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟؟ ياق.. بۇ يەنە شۇ يۇقىرى دوختۇرخانىلارنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ بولغۇچە جاڭ-جاڭ سوغاقتىمۇ تومۇزدا قالغان كىشىدەك چىلىقىدە تەرگە چۆمدۈرۈۋېتىدىغان

"پۇل"دەپ سوزۇلىدىغان يوغان قوللارنىڭ ۋەھىمىسى،ئۆمۈر بويى "توم يانچۇق"بولۇشقا نىسىپ بولمايدىغان بىچارە يانچۇقلارنىڭ تەتۈر ئۆرۈلۈپ كېتىشىگە بولغان ئەندىشە...

شۇ توغرىلىق بەزىدە بەزىلەر بىلەن قىزىرىشىپمۇ قالدىم. قىززىق.."سىز بىر ئىش چىقسا ھۆددە قىلالامسىز؟"نەشتەردەك تېگىدىغان بۇ گەپنىڭ بېسىمى مېنىمۇ ھالسىرىتىپ قويۇدۇ...كېسەللىك دىگەنگە كىممۇ ھۆددە قىلالىسۇن..مەن،مەن دىگەن دوختۇرلارمۇ ھۆددە قىلىپ ئەمەس بەلكى بىرىنجىدىن خۇدا ئاندىن قالسا بىز قىلغان سەۋەپ دەپ كېسەل كۆرۈدىغان تۇرسا....

بىكار ۋاقتىم چىقسىلا دورىخانىغا چاپىمەن. چۈنكى مەن يېزىشقا تېگىشلىك دىگەن بەزى دورىلارنىڭ سايىسىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇ دورىلار "شەھەرلىكلەرنىڭ ئاغرىقلىرىغا مەخسۇس ياسالغان دورا"بولسا كېرەك.بەكلا ئەستايىدىل بولۇشىمۇ بەزىدە كىشىنى خوشال قىلالمايدىكەن. كۆڭۈلچەكلىك،مېھرىبانلىقمۇ ئوخشاشلا مۆرىتى كەلگەندە سىزگە دۈشمەن بولۇپمۇ قالىدىغان ئىشلار بار ئىكەن.مەن بارا-بارا تۇرمۇش،خىزمەت قوينىدا پىشىپ يېتىلىۋاتاتتىم.....

تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى 2-قەۋەتتە،ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى 3-قەۋەتتە ئىدى. مەن تۈنجى ئىشقا كەلگەن كۈنى كىرىپ چىقىپ كەتكەن ئادىل ئىسىملىك دوختۇر بالا پات-پاتلا چىقىپ تۇرۇدۇ. ئۇ چىقىشى بىلەنلا گۈل چىراي سىستىرا قىزلار"ئادىل دوختۇر.."دىيىشىپ پەرۋانە بولۇشۇپ كېتىدۇ.مەنمۇ خىزمەت توغرىلىق ئانچە-مۇنچە پىكىرلىشىپ قويىمەن. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بىرسى بىر ئېغىز يەنە بىرسى بىر ئېغىزدىن ئۇنىڭ،ئائىلىسىنىڭ گەپلىرىنى قىلىشىپ كېتىدۇ. يا شلىقنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئېچىنىشىپ گەپ قاتقانلارمۇ بولۇدۇ. ئاساسەن سانىيە دوختۇر دەپ بەرگەن تەپسىلاتلار بىلەن ئوخشاش..ئۇلار ئۇنىڭ ئاپىسىغا ئايالىنىڭ قىلغان ئەتكەنلىرىنى،قاخشاتقانلىرىنى دىيىشىپ كەتسە ئىختىيارسىز شەپقەتنىڭ ئاپىسىنىڭ بىچارە،مىسكىن ياش تۆكۈپ تۇرغان تۇرقى كۆز ئالدىمغا كېلىپ ئىچىم ئاچچىق بولۇپ كېتىدۇ....بىراۋنىڭ ئىلكىدىكى ئادەم تۇرۇپ يەنە ھېچ ھېيىقماي ئۇ دۇنياغا ماڭغاندا يېپىنچىمۇ بولالمايدىغان كىيىم-كېچەك،زىبۇ-زىننەتنىڭ قولىغا ئايلانغان ئالمىرە نەدىدۇر؟؟ ئۇ شەپقەتنىڭ مەن ئاڭلىغان شۇخەۋەرلىرىنى ئاڭلىغانمىدۇ؟ماڭا ئوخشاش تولغانغانمىدۇ،ئاھ ئۇرغانمىدۇ؟؟ ئۇ شەپقەتنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ھوقۇقلۇق بولغان شۇنداقلا ئوتتۇرىغا چىقالايدىغان بىردىنبىر ئادەم ئىدى. نىمىشقا شۇنداق قىلمايدىغاندۇ؟؟ گەرچە ئۇنىڭغا بولغان رەشىك تۇيغۇلىرىم يۈرىكىمنى تالاپ تىتما-تالاڭ قىلىپ تۇرسىمۇ ئۇ ئارقىلىق

شــەپقەتنىڭ بۇ يەردىكى "خاتىرجەم"تۇرمۇشــىنى كۆرۈشــمۇ ماڭا ئوخشــاشــلا بەخت ئىكەن. ياخشى كۆرگەن كىشىسىگە بەخت تىلەش قانچىكى تەس بولسىمۇ بىراق مۆرتى كەلگەندە ئۇنىڭ جېنى، هاياتى ئۈچۈن شــــۇ بەختنى ئۇنىڭغا مەجبۇرى تاڭغۇڭىز كېلىدىكەن. بەلكىم مۇهەببەت ـ نەپرەتنىڭ ئايرىلالماس قوشــكېزەك بولۇشــىمۇ مۇشــۇنداق ئەمىلىيەتلەر بەدىلىگە كەلگەن بولسا كېرەك....

يېڭى يىل يېتىپ كەلدى...هەممە يەر بايرام شاتلىقىغا چۆمۈپ كەتتى. دوختۇر ـ سىسترالارمۇ هەم شــــۇنداق.. مەنمۇ شــــۇ.. نىمە ئۈچۈنكىن بۇ يىل ئۆزۈلۈشــــى بىلەنلا تۇگىمەس بىر خوشــــاللىقلار مېنى كۈتۈپ تۇرۇۋدىغاندەك، ئۆتمۇشــــتىكى قەلبىمدىكى يارىلار ئورنى پۈتۈپ كۆڭلىرىم بەخت كۆلكىسىگە ئورۇنىدىغاندەك بىر سېزىم ماڭا هەمرا...

دوختۇرخانىدا دىجۇرنى دوختۇر ـ ســــســــــترالار قېلىپ باشــــقىلار دوختۇرخانا رەهبەرلىگىنىڭ ئالاهىدە كۆڭۈل بۆلۈشــى بىلەن مەلۇم بىر رىســتورانىدا يېڭى يىللىق ئولتۇرۇش ئۆتكۈزدى. بۇ يەرگە كېلىپ تونۇشــقان مەن بىلەن خېلىلا ياخشــــى ئۆتىدىغان ئادىلە ئىســــملىك بالىلار كېسەللىكلىرىدىكى سىسترا قىز بىلەن مېنىڭ ياتىقىمغا كېلىپ ياسىنىشىپ تەييار بولدۇق.

_زۇلخۇمار،_ئادىلە ماڭا قاراپ كەتتى.

_نىمە بولدى؟_مەن يۈز ـ كۆزلىرىمدە بىرەر نۇقسانلىق گىرىم بولۇپ قالدىمۇ دەپ شۈبهىلەنگەن هالدا ئۇنىڭغا قارىدىم.

_سىز..بەك چىرايلىق هە..

_نىمە دەيــدىغــانســــىز؟_مەن قىزارغىنىمچە گېپى ئوچۇق بۇ قىزغــا قــاراپ كۈلۈپ كەتتىم_نەدىكىنى.. سىز تېخىمۇ چىرايلىققۇ..

_ياقەي..ســــىز نىمانچە ئاق دەيمەن..شــــەهەرلىكلەر هەجەپ ئاق بولۇدۇ هە.. نىمە يەپ ئىچىسلەركىنتاڭ؟قاراڭ شۇنچە ئاقارتقۇچى ماي سۈركەپمۇ سىزنىڭ يېنىڭىزغا كەلسەم قارىلىقىم چېنىپلا تۇرامادۇ؟

_هى هى..قىزىق گەپ قىلسىز هە... ئادەتتە خىزمەتكە ئاندا ـ مۇندا قىلىپلا يۇگرەپ بېرىپ كېلىپ يۈرۈپ بۇگۈن تەپسىلرەك ياسىنىپ قويغاچقا شۇنداق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتسام كېرەك...

_بۆلۈمدە سىزنىڭ گېپىڭىز تولىراق بولۇپ قالدۇ.راس دەيمەن.. ھە راس.. ئادىل دوختۇرنى سىزنى ئەگىپ يۈرۈدۇ دەۋاتاتتىغۇ..

تۇلۇمدىن توخىماق چىققاندەكلا بۇ گەپتىن چۆچۈپ كەتتىم. كۆلكىمدىن نۇرلىنىپ تۇرغان چىرايىم تۇتۇلۇپ كەتتى.ئورۇنسىزلا گەپنى قىلىپ قويغانلىقىدىن خىجىل بولۇپ قالدىمۇ ئادىلە نىمە دىيىشىنى بىلمەي مېنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەن چىرايىمغا قاراپ نىمە دىيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى.

_كەچۈرۈڭ،زۇلخۇمار..مەن..مەن شۇ باشقىلارنىڭ شۇنداق دىيىشۋاتقىنىنى ئاڭلاپ..شۇ..

_كېرەك يوق..بۇنى سىزدىن كۆرۈشكە بولمايدۇ.._بولدى تېزراق ماڭايلى،كېچىكىپ قالمايلى يەنە.._ شۇ تاپتا بۇ ئولتۇرۇ شتىن پۈتۈنلەي رايىم يانغان بولسىمۇ ئۆزى دەپ قويغان بۇ گەپ تۈپەيلى چىرايىمدىكى ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ خىجىللىق تۇيغۇسىدا قىينىلىۋاتقان يېقىن دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ غەش قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن زورىغا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ شۇنداق دىدىم.

يېقى يىللىق ئولتۇرۇش باشلاندى.. قىز-ئايالار كېپىنەكلەردەك رەڭدار،شۇنداق چىرايلىق بولۇ شۇپ كەتكەن. قېرى-ياش يىگىتلەرمۇ قېلىشمىغۇدەك سالاپەت بىلەن...ئولتۇرۇش بەكلا قىززىدى....

مەنمۇ بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى تۇنجى قېتىم ھەممىسى بىلەن تەپسىلى تونۇشۇپ چىقىش شەرپىگە مۇيەسسەر بولدۇم.ھەر بىر ئادىل دوختۇر تانسىغا تارتقاندا باياتىنقى گەپ ئېسىمگە كېلىپ تەنلىرىم تىكەنلەشسىمۇ مېيىقىمدا كۈلۈپ تۇرۇپ تانسىنى چىرايلىق ئويناپ تۈگەتتىم.(ئۇنتۇپ قالمىغان بولساڭلار كېرەك..مەن مېيىقىمدا كۈلۈپ رول ئېلىشقا خېلىلا ئۇستا)

ئولتۇرۇش ئاخىرلاشتى..ياتىقىم تەرەپكە ماڭىدىغان بىر نەچچەيلەن بىلەن بىللە قايتتىم. ئارىدا ئادىل دوختۇرمۇ بار ئىدى. بىردىن-ئىككىدىن ئۆيلىرىگە ھەممىسى كىرىپ كېتىپ ئاخىرىدا ئىككىمىزلا قاپتۇق.

_ياتىقىڭىزغا ئاپىرىپ قوياي!!

_بولدى ھاجىتى يوق..ئۆزۈم كېتەلەيمەن.

_ماقۇل دەڭ، سىز بۇ يەرگە يات، ھەم بۇگۈن يېڭى يىل كېچىسى ئولتۇرۇشتىن يانغان كالللىسى قېيىپ قالغانلارمۇ كۆپ.

ئۇنىڭ سـۆزىنى ئىسـپاتلىغاندەك ئالدى تەرىپىمىزدىن بىر ـ بىرىگە ئېسـىلىشـىپ قالايمىقان سـۆزلىشـىپ بىر نەچچە مەس باللار چىقىپ كەلدى.مەن ئامالسـىز ئۇنىڭ گېپىگە قوشـۇلۇپ بىلله ماڭدىم.

_زۇلخۇمار، بىزنىڭ بۇ ناھىيە قانداقراقكەن؟

_قايسى جەھەتتىن دەيسىز؟

_ھەممە جەھەتتىن. . مەسلەن مۇھىتى، ئادەملىرى دېگەندەك. .

_شـــەھەرگە قارىغاندا بۇ يەرلەرنىڭ مۇھىتىنىڭ ســـاپ بولۇدىغانلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. ئادەملىرىگە كەلسەك بەش قول ئوخشاش ئەمەس. يامان ئادەملەر ياخشى ئادەملەر ھەممىلا يەردە بار. ساپا جەھەتتىن دېسـەڭىز بۇ يەردىكى كىشـىلەرنىڭ بەزى ئىشـلىرىنى ساپاسـىز دېيىشـــكە تىلىم كۆيمەيدۇ. مەن ئۇنداق قارىمايمەن. مەنچە بەزىلەردىكى ھەددىدىن ئارتۇق كۆڭۈلچەكلىك، تۈز كۆڭۈللۈك خاتا ھالدا ســـاپاســـىز تەســـۋىرگە ئىگە بولۇپ قالغان. شەھەرلىكلەرنى باشقىلارنىڭ قارا كۆڭۈل، بەدنىيەت، شەخسىيەتچى دەپ قارىشىنى ئوخشاشلا ياقتۇرمايمەن. چۈنكى شەھەرلەردىكى كەسكىن رىقابەتكە ماسلىششى، يېتىششى كىشىلەرنى شۇنداق شەخسىيەتچىدەك كۆرسىتىپ قويغان. بەزىدە شەھەردىكى كىشىلەردىكى مېھرىبانلىقنى ھېچ يەردىن ئىزدەپ تاپقىلىمۇ بولمايدۇ. _شـــەھىرىمگە بولغان ســـېغىنىش ئىچىدە كۆڭلۈمدىكى سۆزلەرنى قىلدىم.

_توغرا دەيسىز. . بۇنداق ئەتراپلىق قارا شلىرىڭىزنى ئاڭلاپ سىزگە راستىنلا قول قويۇپ قالدىم جۇمۇ. .

_ياقەي. . مېنى ئۇنداق ئۇچۇرۇۋەتمەڭ، مەن پەقەت ئۆز كۆز قارىشـىمنى يۇشـۇرۇپ ئولتۇرماي ئوتتۇرىغا تاشلاشقا ئادەتلىنىپ قاپتىمەن.

_زۇلخۇمار، خېلى ۋاقىت بولدى ئۆيىڭىزگىمۇ قايتمىدىڭىز. ئۆيىڭىزنىمۇ سېغىنغانسىز ھە؟

_سېغىندىم. . ئاپامنى بەكلا سېغىندىم. . _ئاۋازىم تىرەپ كۆزۈمگە "لۆممىدە "ياش كەلدى.

_مېنىڭمۇ يالغۇز بىر تاللا ئاپام بار. دادام كىچىك ۋاقتىمدا تۇگەپ كېتىپ ئاپام مېنى دەپ قايتا ياتلىق بولماي مىڭبىر جاپالاردا ئوقۇتۇپ قاتارغا قوشــقان. بەلكىم ئاڭلىغانسىــز.. ئاپام بەك مېھرىبان..ئۇزۇنىڭ پەقەت مەن بىلەنلا كۆڭلى پۈتۈن بولىدۇ. بىراق ما ئا شـــۇ نداق ۋەدىلەرنى بېرىپ ياخشى كۆرۈشۈمگە مۇيەسسەر بولغان ئايالىم توي قىلىپ ئاز ۋاقىتتىن كېيىنلا پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى.دەســلەپتە مەن بىلمەي يۈرۈپتىمەن. ئاپامىمۇ ماڭا زادىلا دىمىدى. بىراق ھە دىســـلا مەن ئايرىم تۇرۇمەن ئۆيۈڭنى بۆلۈپ چىقىپ كەت دەپ جىدەل قىلىدىغان بولۇۋالدى. بەك ئىچىم ســـىقىلىپ ئاپام بىلەن ئۆرۈشـــۈپ يۈردۇم. كېيىنچە باشـــقىچە بىر ئەھۋاللارنى بايقاپ قالدىم.بىر كۈنى ئىشــتىن كېلىپ ئۇنىڭ ئاپامنى شـۇنداق سـەت گەپلەر بىلەن تىللاۋاتقانلىغىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئۆز قۇلىقىمغا ئۆز كۆزۈمگە ئىشـــەنمەيلا قالدىم .شـــۇ ســـەۋەپلىك جىدەللەشــتۇق. ..ئۇنىڭغا شــۇنداق پۈرســـەت بەردىم. بىراق ئۇ بىلمىدى... ئۇگەنگەن خۇي ئۆلگىچە دىگەن راس ئوخشـايدۇ. ھەر قېتىم يامانلاپ ياخشــى بولۇشـقاندىن كېيىن بىر مەزگىلدىن كېيىن يەنە قىلغۇلقىنى قىلىدۇ.بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم"بىزنى جىدەلگە ســـېلىپ يا ئۆلمىدى بۇ قېرى"دىگەن گېپى جان-جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. مېنىڭ ھاياتلىقىمنى بەرگەن ۋە بۇ دۇنيادىكى خوشـاللىقىم ئۇچۇن ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىســتەكلىرىدىن ۋاز كەچكەن ئانىنى شـۇنداق دىگەندىن كېيىن يەنە ئۇنىڭدىن ئۈمۈت كۈتەمدىم؟؟ شـۇنداق قىلىپ ئاجرىشىپ كەتتىم..._ئۇ ئېغىر خۇرسىنىش ئىچىدە چوڭقۇر ئۇھ تارتىۋەتتى

_بالا يوقمىتتى؟

_ياق،_ئۇ خىيالچان شـۇنداق دىدى-دە،باشــقا گەپلەرنى دىيىشـــنى ئەپســز كۆردىمۇ ماڭا بۇرۇلۇپ تۇرۇپ-بۇ گەپلەرنى قىلىپ كۆڭلىڭىزنى بىر قىســم قىلىپ قويمىغاندىمەن ھە.. دەم ئېلىش كۈنلىرىدە بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ ئاپامنى كۆرۈپ كېلىڭ،ئاپام گەرچە ياشـنىپ قالسىمۇ بىراق شــۇنداق تېتىك. ســزگە مېزىلىك ئۆي تاماقلىرىنى ئېتىپ بېرىدۇ.باشــقا مەقســتىم يوق..ئادەم قېرىغاندا بەك ئادەمخۇمار بولۇپ كېتىدىكەن..ئۆيگە بېرســى كەلســە شـۇنداق خوش بولۇپ قىلىدىغان قىلىق تاپالمايلا كېتىدۇ.._دىدى.

_ماقۇل،چوقۇم ئاپىڭىزنى يوقلاپ بارىمەن!

_ئەمىسە قاچان؟_ئۇ خۇددى كىچىك باللاردەك خوش بولۇپ كەتتى_كېلىشۋالايلى..يېنىۋالماڭ ھە!!

_ياق، يېنىۋالمايمەن.ئالدىمىزدىكى شەنبە كۈنى دەم ئالىمەن شۇ كۈنى بولسۇن.

ـ بەك ياخشى بولدى.. ئاپام چوقۇم بەك خوش بولۇپ كېتىدۇ.. سىزمۇ ئاپىڭىزنى سېغىنغاندا ئازراق بولسىمۇ ئارام تېپىپ قالسىز...

ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قالغان ئىدۇق. مەن خوشلىشىپ كىرىپ كەتتىم.دەرۋازا قېشىغا بېرىپ ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قارىسام ئۇ تېخىچە ئورنىدىن قوزغالماي قاراپ تۇرۇپتۇ.

ئۆيگە كىرىشـــــم بىلەن ئۆي ئىچىدىكى غېرىبانە كەيپىيات تېخى ھىللا ئولتۇرۇش داۋامىدىكى خوشال ھىسلىرىمنى ئاللىقەيەرلەرگە ئۇچۇرۇۋەتتى.

كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇپ ،يۈز-كۆزلىرىمنى يۇيۇپ تۇرۇشۇمغا تېلىفۇنۇم جىرىڭلىدى.

_ۋەي بۇ دۇنيادا سەن بار ئادەممۇ يوقمۇ؟؟

تېلىفۇننى ئېلىشىمغا مېھرىباننىڭ چاڭىلدىغان ھازازۇل ئاۋازى ئاڭلاندى.

_ھەي زۇۋاندار.. نىمە تېلىفۇننى ئېلىپلا مېنى تىللايسـەن؟ئەھۋال ســوراشــقىمۇ يارىمايدۇ بۇ يارىماس..

_ھويىت خېنىم ئى تېلىفۇنلىرنى ئېچىپ قاراپ باقســـلا.. قانچە قېتىم يېڭى يىللىرنى تەبرىكلەپ،ئەھۋال سوراپ تېلىفۇن قىلىپ ھېرىپ قېلىپ ئاندىن ئۇچۇر يازدىمكىن؟؟

ـ شـــۇنداقمۇ؟ ـ مەن تېلىفۇننىڭ ئېلىنمىغان تېلىفۇن كۆزنىكىنى ئاچســـام ۋاي-ۋۇي ئۇنىڭ نۇمۇرى پاراتتىكى ئەســـكەرلەردەك تىزىلىپ كېتىپتۇ ئەمەســـمۇ؟؟_ھى ھى...كەچۈرگىن تاتلىقىم، مەن ئويۇن بىلەن بولۇپ ئاۋازنى پەقەت ئاڭلىماپتىمەن.

_ۋۇي ســاراڭ.. مەن بۇ يەردە ســېنى ســېغىنسپ،ئويلاپ غېمىڭنى يەپ ھەلەك،ســەن ئۇ يەردە پەرۋاسىز ئويناپ دىگىنە.. قانداق ئادەم ئۇ سەندەك مۇزنى ئېرىتىپ ئوينىتالىغان؟

_سېنىڭ شۇ كاللاڭغا ئويۇن دىسە مۇقىم بىر يىگىت بىلەن ئويناشلا كېلىدۇ.. دوختۇرخانىنىڭ يېڭى يىل كېچىلىكى ئۆتكەزگەن..شۇ يەردە ئويناپ دىمەكچى.. سەنچۇ؟دىلشات ياخشىدۇ؟ ھەي توي قاچان؟؟خىزمەتكىمۇ چىقىپ بولۇشـــتۇڭ..يەنە ئىككى يەردە ئىجارە تۆلەپ ئاۋارە بولۇشقۇچە چىقىمنى قىسقارتىشمامسەن؟؟

_بۇ ســـۇغۇقلاردىما؟؟ ئالدىرىما خېنىم.. ئەتىياز كېلىپ چېچەك ئېچىلســـۇن..شـــۇ چاغدا قىلىمىز.. ياخشى تۇرغانسەن؟جاپا تارتىۋاتامسەن؟بىلەمسەن سېنى ئويلىمايدىغان بىرمۇ كۈنۈم يوق.. سېنى بەك سېغىندىم._ئۇنىڭ چاڭىلدىغان ئاۋازى ئورنىنى يىغلامسىرىغان ئاۋاز ئالدى.

_خۇداغا شـــۈكرى، مەنغۇ ياخشـــى ،كۆڭلۈڭنى بۇزما،مەن كۆنۈپ كەتتىم.بۇ يەردىكىلەر بەك ياخشى ئىكەن.

_شۇنداق بولسىلا مەيلىغۇ...دىلشاتمۇ ساڭا سالام ئېيتتى ھە ئاداش!!

_سالامەت بولسۇن!!

_خوش ئەمىسە.....

_خوش ئامان بولغىن!! يوقاپ كەتمە،تېلفۇن قىلمىساڭمۇ تېلىفۇنۇمنى ئېلىپ تۇرغىن!!

_بىر قېتىم ئاڭلىماي قالغىنىمغا تويغۇزا مدۇ بۇ.. ماقۇله جېنىم مىھرىبانىم.. تېلفۇنىڭنىمۇ ئالىمەن،تېلىفۇنىمۇ قىلىپ تۇرۇمەن!!

تېلىفۇنى قويۇۋېتىــپ نىمە ئۈچۈنكىن ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ كەتتى.. ئۇنىــڭ ئاۋازىدىن،چاڭىلدا شلىرىدىن ئالەمچە بەخىت شاتلىق تۆكۈلۈپ تۇرۇدۇ..ئاتا-ئانىسى يېنىدا بولمىسىمۇ سۆيگەن ئادىمى يېنىدا بولغىنى ئۈچۈنده....

مەن ئاتا-ئانامدىن،ســۆيگەن ئادىمىمدىنمۇ يىراق ھالدا ،رېئاللىقتىن ئۆزۈمنى قاچۇرغان ھالدا غېرىبانە كۈلبە مدە خىياللارغا پېتىپ ئولتۇرۇپتىمەن...ئۆزۈمنى مىھرىبا نىدىن خېلىلا چوڭ ياشــتەك،قېرىپ كەتكەندەك ھس قىلدىم. ئۇنىڭ ياشــلىق تۇيغۇغا باي كۆڭلى يېڭى يىللىق ســالام يوللاشــلىرىدىنمۇ ئېپادىلىنىپ تۇرۇپتۇ.. مەنچۇ؟؟شـــۇ تاپتا ئاپام-دادامىلارغا تېلىفۇن قىلىسام ئۆزۈمنى تۇتالماي ئۆپكىدەپ يىغلىۋېتىشىم تۇرغانلا گەپ. ھەدەمگە تېلىفۇن قىلىسامۇ ئوخشاشلا...

خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ يانفۇنۇمغا كەلگەن ئۇچۇرلارنى كۆرۈپ ئولتۇراتتىم. بىردىنلا بىر ئۇچۇر دىققىتىمنى تارتتى

"زۇلخۇمار،يېڭى يىلىڭغا مۇبارەك بولسۇن!!يېڭى يىلدا سېنى شەھەرگە كەلسىكەن دىگەن ئۈمۈدۈم بار ئىدى .مەن سانجىدىن قايتىپ كەلدىم.سەن بىلەن كۆرۈشكۈم بار.مۇمكىن بولسا ماڭا تېلىفۇن قىلغىن.مۇرادىل"

مۇرادىل سانجىدا ئوقىغان،ئۇ شۇ يەرلىك بىر قىز بىلەن تارتىشىپ يۈرۈپ مەكتەپ پۈتتۈرۈپ شۇ يەردە قالىمەن دەپ كەلمىگەن ئىدى.ئۇ قايتىپ كەپتۇده....تېلىفۇن قىلسام قانداق بولار؟؟

_ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!!

_ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام،زۇلخۇمارمۇسەن؟

_شۇنداق.ئۇچۇرۇڭنى كۆرۈپلا تېلىفۇن قىلىشىم.ياخشى تۇرامسەن؟

_قەدىر ئەھۋال.

- قاچان كەلدىڭ؟

_بىر ھەپتىدىن ئاشتى. زۇلخۇمار..سەن نىمىشقا ئۇ يەرگە كەتتىڭ؟؟

_ساڭا بىر-ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن چۈشەندۈرۈپ بولالمايمەن.

_مەنمۇ قايتىپ كەلدىم. شەھەرگە قاچان كېلىسەن؟ ساڭا دەيدىغان گېپىم بار ئىدى.

_نىمە گەپ؟ھازىرچە بارالمايمەن.

_زۇلخۇمار..سەندىن بىر ئىشنى سوراي.شەپقەتنى ئۇنتۇپ كەتتىڭمۇ؟

_نىمە؟_قولۇمدىن تېلىفۇن چۈشۈپ كېتىشكە ئازلا قالدى_بۇ نىمە گېپىڭ؟؟

_دىگىنە..ئۇنتۇپ كەتتىڭمۇ يوق... قارا ئۇ ھازىر بۇ يەردە يوق..ئەمدى ئۇنىڭغا ئۈمۈت باغلىما...

_مەن ھىچقاچان ئۇنىڭغا ئۈمۈت باغلىمىدىم.مېنى تېلىفۇن قىل دىيىشىڭ مۇشۇ گەپلەرنى دىيىش ئۈچۈنمىتتى؟؟

ـ ياق.. زۇلخۇمار.. سەنمۇ مەنمۇ مۇھەببەتتە ئازار يېگۈچى.. گېپىمنى ئاڭلا.. سېنى ياخشى كۆرىمەن.

_نېمە؟ ـ قۇلىقىم "ۋاڭڭىدە"قىلىپ كەتكەندەك بولۇپ كەتتى_نېمە دېدىڭ؟؟

_سېنى ياخشى كۆرىمەن. قاچانغىچە ئۆزۈمنى قىينايمەن؟قاچانغىچە دېمەيمەن؟شەپقەت بۇرۇن ئاغىنەم بولسا ئەمدى ئۇ يوقتۇ.. ئۇ ئەمدى بىر ئاق چەككۈچى..

_مۇرادىل_قەھرىم بىلەن ۋارقىرىدىم،ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلىشــــنى ئەســـــلا،ئەســـــلا خالىمايمەن..خالىمايمەن.._ئاغزىڭنى يۇم!! مېنىڭ ئالدىمدا ئىككىنجىلەپ ئۇنداق گەپ قىلغۇچى بولما!!ساڭا دەپ قوياي،سېنى ئۇنىڭ ئاغىنىسى دىمىگەن بولســـــام قىيا نەزىرىم بىلەن قاراپمۇ قويمايتتىم.بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا تېلېفون قىلىمەن دەپ ئـــاۋارە بولمـــا!! بەس بولـــدى..._ۋارقىراپ ـ جـــارقىراپ تېلېفوننى ئېتىۋەتتىم..قۇلاقلىرىم غوڭۇلـــدايتتى، ،كۆزلىرىم ئىمىر ـ چىمىر بولاتتى.....كۆز ئـــالـــدىمـــدىن بىر نىمىلەر ئۇچۇپ يۈرگەنـــدەك قىلاتتى.... ئېغىزىمغا تۇزلۇق بىر ســـــۇيۇقلۇق كىردى..دىمەك يىغلاپتىمەن..........

كۆزۈمنى ئاچسام ئاپپاق تام،ئاپپاق كىرلىك،كېسەل كارۋىتى......

مەن نىمە بولدۇم؟ دوختۇرخانىدا يۈرۈمەنغۇ؟ چۈشـــلۈك ئارامدا بىرەرســـىنىڭ كارۋىتىغا كىرىپ يېتىۋالمىغاندىمەن ھە؟؟؟

_ھوشىڭىزغا كەلدىڭىز مۇ؟_ئىشىك ئېچىلىپ ئادىل دوختۇر قولىدا تاماق قاچىسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.مەن تېخىمۇ ھەيران بولغان ھالدا ســـەل تىكىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ســـۇئال نەزىرىمدە تىكىلدىم.

_تۈنۈگۈن كەچ سىزنى ئاپىرىپ قويۇپ ئۆيگە قايتىپ كەتكەنتىم. ئەتىگەن ئىشقا كەلسەم بىر ھازادىن كېيىن سىزنىڭ بۆلۈمىڭىزنىڭ چاقىرتىپتۇ.چىقسام ئۇلار سىزنى مەندىن سورايدۇ. سىز ئىشقا كەلمەپسىزكەن تېلېفون قىلسا تېلېفونىڭىز ئېتىك. تۈنۈگۈن ئولتۇرۇشتىن قايتقاندا بىللە كەتكەنلەردىن سۈرۈشتۈرۈپ ئاندىن ئىككىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىردا بىللە كەتكەنلىگىمىزدىن خەۋەر تېپىپ دېرىكىڭىزنى قىلىپ بېقىش ئۈچۈن ســـىزنى ســـورىغان ئىكەن. مەن ســـىزنىڭ ســـاق ـ

سالامەت ئۆيگە كىرىپ كەتكەنلىكىڭىزنى دىسەم بۆلۇم باشلىقىڭلار جىددىلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر نەچچىمىز ئۆيىڭىزگە باردۇق. ئىشكنى بۇزۇپ كىرسەك سىز ھوشسىز يەردە يېتىپسىز...دەرھال ئېلىپ كەلدۇق. زىيادە چارچاپ روھىي جەھەتتىن بىر نىمە قاتتىق تەسىر قىلغاندەك تۇرۇدۇ.ئۇنچە ئۆزىڭىزنى ئالدۇرۇپ قويماڭ،سالامەتلىكىڭىزگە دىققەت قىلىڭ!!بۇنى ئاپام ئۆز قولى بىلەن تەييارلىدى. قېنى ئىسسىقىدا ئىچىۋىلىڭ!!_ئۇ بىر تەرەپتىن سۆزلەپ بىر تەرەپتىن ئۆيىدىن ئېتىپ كەلگەن شوۋىگۇرۇچنى چىنىگە قۇيۇپ ماڭا تەڭلىدى. مېھرىبانلىق،كۆيۈنۈش بىلەن تەڭلەنگەن قوللاردىن ئاشنى تەسلىكتە ئالدىمدە تۇنۇگۇنكى ئىشلارنى ئەسلەشكە باشلىدىم.....

توغراا،مەن مېھرىبان بىلەن تېلىفۇندا سۆزلەشكەن...ئاندىن ئۇچۇر كۆرۈپ ئولتۇرۇپ مۇرادىل بىلەن پاراڭلاشتىم...ئۇنىڭغا ئاچچىقلاپ ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرغان ئىدىم...توختىماي سۆزلىگەن،كىملەرنىدۇر تىللىغان...ئىدىم...ئاندىن...ئاندىن...
_بولدى كۆپ خىيال قىلماڭ!!زۇلخۇمار مەيلى قانداقلىكى ئىشلار يۈز بەرسۇن ئۇ ئاللانىڭ بىز بەندىلەرنىڭ ياشاش يولىمىزدىكى چىدامچانلىقىمىزنى سىنا شتىكى سىناقلىرى..شۇنداق دەپ چۈشەنسىڭىز نۇرغۇن ئىشلارنى ئارقىغا تاشلىۋىتەلەيسىز..كۈلۈپ ياشاڭ!! سىز تېخى كىچىك..نى ئىشلار كېلىدىكەن ئادەمنىڭ بېشىغا... _ئادىل دوختۇر كۆيۈنۈش بىلەن خۇددى بىر تۇققان قېرىندىشىمدەك شۇنداق گەپلەرنى قىلدى.. ....
مەن رايىشلىق بىلەن ئۇ ئۇزاتقان ئاشنى ئىچتىم.....

بىر نەچچە كۈندىن كېيىنكى دەم ئېلىشىمدا مەن ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدەم بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئادىل دوختۇر ۋە باشقىلار تەسۋىرلىگەندەك ئاپىسىنىڭ چىھرىدىن چەكسىز مۇلايىملىق ،مېھرىبانلىق تۆكۈلۈپ تۇرۇدىكەن،گەپ ـ سۆزلىرىمۇ شۇ قەدەر سىپايە،ئىللىق..مۇشۇنداق بىر ئانىنى "ئۆلسىچۇ"دەپ تىلىگەن مەن كۆرۈپ باقمىغان ئۇ "ساھىپجامال كېلىن"گە بىر خىل ئۆچ بولۇپ قالدىم. ئىشىكتىن كىرگەندە "قانداق ئەھۋالىڭىز؟ياخشى تۇرامسىز قىزىم؟"دەپ پىشانەمگە سۆيۈپ كۆرۈشكەن ئىدى، بەدەنلىرىمگە تىترەك ئولىشىپ كۆزلىرىمگە "لۆممىدە "ياش كەلدى. ئاپام ئېسىمگە كەلدى..
كېيىن بالىسىنىڭ نىكاھ ئىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىش جەريانىدىكى ئۇھ تارتىشلىرى،خۇرسىنىشلىرى تەبىئى ھالەتتە " شەپقەتىنىڭ ئانىسىنى"ئەسلەتتى.قايتىشىمدا بىر يالتىراق خالتىغا ئۇششاق ـ چۈششەك يىمەكلىكلەرنى سېلىپ "ياتىقىڭىزدا يالغۇز قېلىپ زېرىككەندە يەرسىز" دەپ مېنىڭ دەم ئالغانلىرىمدا كېلىپ ئۆزىگە ھەمرا بولۇپ كېتىشىمنى قايتا ـ قايتا تاپىلاپ ئۇزىتىپ قويدى.

ئــاپىســــى ۋە ئــادىــل دوخــتــۇرنــىــڭ بىــر ـ بىــرىــگە بــولــغــان ئەركىلەش ،ئەركىلىتىش .ھۆرمەتلەش ،ھۆرمەتلىنىش ھىســلىرىدىكى قائىدىلىك گەپ ـ ســۆزلىرى ،چەك سىز ئىللىقلىق ،مېھرىبانلىق تۆكۈلۈپ تۇرۇدىغان ئىش ـ ھەركەتلىرى مەندە چوڭقۇر تە سىر قالدۇرۇپ ئىختىيارسىز ھالدا ئادىل دوختۇرغا ھۆرمىتىم ئاشتى.....

كۆنلەر بىر ـ بىرىنى قوغلاپ بەيگىگە چۈشــــكەن ھالدا ئۆتمەكتە... مەنمۇ خىزمەتكە كۆنۈپ قالدىم. شۇنداقلا بۇ ناھىيەگىمۇ كۆنۈپ قالدىم. ئارقا ـ ئارقىدىن كېچىلىك ئىسمىنا ئىشلەپ ئۆزۈنراق دەم ئېلىش ئالغان كۆنلەرنىڭ بىرىدە شــەھەرگە ئاتا ـ ئانامنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن بېرىپ ئىختىيارسىز شــەپقەتنىڭ ئاپىســنى يوقلاپ قويغۇم كەلدى. ئاپامغا بىر دوســتۇم بىلەن كۆرۈشـــمەن دەپ قويۇپ بازاردىن كېرەكلىك نەرســــلەرنى ئالدىمدە يۈرۈپ كەتتىم. تونۇش كوچىلار... قەدەملىرىم ئىختىيارســىز تىترەپ پۇتلىرىم ماغدۇرســىزلانماقتا...ئۆلارنىڭ ئىشــكى ئالدىغا كېلىپ دائىمقىدەك تېزلاشقان يۈرەك رېتىملىرىمنى تىڭشىغىنىمچە تۇرۇپ قالدىم.

ئىشـــك ئېچىلدى.. كۆلگۈنچەك كۆزلىرى بىلەن كۆزلىرىمنى ئىســـكەنجىگە ئېلىپ ھەييارلىق بىلەن قاشلىرىنى ئۈينىتىپ ئۆ چىقىپ كەلدى...

ۋاھ..بىزنىڭ زۇلخۇمارمۇ نىمە بۇ..ئىھ ئۇنىڭ ئاشۇ يېقىملىق ئاۋازى......

_ئۇنداق يوقاپ كەتمەي كېلىپ تۇرغىن!!_ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىلتىجالىق تەلمۈرۈشلەرگە تولدى.. بۇ مەندىكى ئىنتىلەرشــــلەرنى ئۆز باغرىغا ســــىڭدۇرۇپ تۇرۇپ يەنە مەندىن يىراققا قاچماقچى بولۇۋاتقان ئاسىي ھىسلار...

_ئۆيگە كىرمەي تۇرغان كىمۇ بۇ؟؟

كەينىمدىنلا ئاڭلانغان بۇ ئاۋاز مېنى چۆچۈتۈپ خىياللىرىمنى بۆلۈۋەتتى . بۇرۇلۇپ قارســـــام شەپقەتنىڭ ھەدە سى يېنىدا چېچىنى ساپ ـ سېرىق بويىۋالغان ،تار پادىچىلار ئە شتىنى كىيىپ ئۈســــتىگە كالتە قارا مايكا كىيىۋالغان ،يۈزلىرىگە مودۇر ـ چوقۇر بىر نىملەرنىڭ چىقىپ كەتكىنىگە قارىماي ماينى ھارغۇچە سۇركەپ خۇددى ئۇن خالتىسىغا باش چۆكۈرۈپ چىققاندەك كۆرۈنىدىغان بىر قىز بىلەن تۇرۇپتۇ.

_ۋاي خۇدايىم زۇلخۇمارمۇسىز؟قانداق ئەھۋالىڭىز؟ ياخشى تۇرامسىز؟

_خۇداغا شۈكرى،ياخشى تۇرۇمەن .ئۆزىڭىزچۇ؟

ـ ياخشى.

_قېنى ئۆيگە كىرەيلى!!

مەن ئەگىشىپ كىرىپ كەلدىم.

_چوڭ ئاپام يوقمۇ ھەدە؟دەم ئېلىپ ئۆيگە كەلگەن ئىدىم،چوڭ ئاپامنى يوقلاپ كېتەي دەپ..

_ئاپام . . ._نىمە شىقىدۇر ماھىرە ئۇھ تارتىپ قويۇپ لەپپىدە بايادىن بېرى گەپلىرىمىزگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ بىر ئېغىزمۇ ئاۋاز قاتماي تۇرغان قىزغا قاراپ قويدى.ئۇ قىز ئېغىزىدا قارىس ـ قارىس قىلىپ سېغىز چاينىغىنىچە مەندىن بىرەر تۇنۇش بەلگە تاپماقچى بولغاندەك ئۇستى ـ بېشىمنى كۆزىتىۋاتاتتى.
_زۇلخۇمار، بۇ ياقنى سىزگە تونۇشتۇرۇپ قوياي، بۇ شەپقەتنىڭ ئايالى ئىكەن.
_نىمە؟؟_يەنە بىر قېتىم پىررىدە پىرقىراپ كېتىشتىن قورقۇپ ئىتتىك تامنى تۇتۇۋالدىم.
_ھەئە، بىزمۇ كۆرۈپ باقمىغان، سىزمۇ ئاڭلىغانسىز، شەپقەت ئالمىرە كەتكەندىن كېيىن بىر مەزگىل يۈۋۈپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتكەن. شۇ يەردە يۈرۈپ ئىككىسى توي قىپتەك. بۇدا بىر ئىش بىلەن شىنجاڭغا كېلىشكە توغرا كېلىپ بۇ قىز كەپتىكەن. ئالايتەن بىزنى يوقلاپ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ كەپتۇ. ئاپام ئۆزىنى يوقتىپلا قويدى.. ئۇ بۇنى قوبۇل قىلالمايمەن. بۇ قىز قاچان كەتكەندە كېلەي دەپ غۇلجا ناھىيەدىكى كىچىك دادىمىزنىڭ ئۆيىگە كەتتى.
بۇ گەپلەر دىيىلىۋاتقاندا ئۇ قىز يەنىلا شۇ قارىس ـ قارىس بىلەن زۇلخۇمار دىگەن ئىسمىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تېخىمۇ بەك نەزىرىنى ماڭا ئاغدۇرغىنىچە تىكىلىپ پەرۋاسىزلارچە تۇراتتى.
مەن دەرمانسىز ھالدا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدىم."ياق، ياق، ، قەتئى يىغلىماي، تەبىئى بولاي.. شەپقەتنىڭ مىنى ئارقا ـ ئارقىدىن باشقىلارنىڭ ئالدىدا لەت قىلىشلىرىغىمۇ چوقۇم چىدىشىم كېرەك"
_ھەدە، شەپقەت ئۆزىچۇ، ياخشى تۇرۇپتىمۇ؟_مەن مودۇر ـ چوقۇر ئەپتىدىن ياخشى قىزدەك كۆرۈنمەيدىغان ماۋۇ ئالۋاستى سۆپەتتىن سوراشنى لايىق كۆرمەي ماھىرەگە تەلمۈردۈم.
_ياخشى ئىكەن.. _بىردىنلا ماھىرە باياتىن بېرىقى تەمكىنلىكىنى تاشلاپ قولى بىلەن يۈزىنى ئەتتى ـ دە ئۆپكىدەپ يىغلاشقا باشلىدى._زۇلخۇمار، ، مەن ئۆينىڭ چوڭى تۇرۇپ دادامدىن كېيىن بار ئىشلارنى شەپقەتكە تاشلاپ قويۇپ ئۇنىڭ يولدىن چىقىشىغا سەۋەپچى بولۇپ قالدىم. مەنمۇ ھەدىمۇ؟؟ شەخسىي مەنپەئەتىمنى قۇربان قىلىپ تۇرۇپ بىرەر قېتىم ئاپامدىن ھالىنى نىچۇك دىيىشنىڭ ئۇستىگە مەكتەپ پۈتتۈرۈپلا توي قىلىشقا ئالدىرىدىم. مەكتەپتىكى چىقىملىرىم، يەنە سىڭلىمنىڭ ئوقۇشى، ھەم مىنىڭ تويلىرىمنىڭ چىقىمىدىن تارتىپ شەپقەت جېنىنىڭ بېرىچە كۆچەپ تەل قىلىش جەريانىدا ئەسكى كىشىلەرنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتتى. ئۇنى بۇ يولغا كىرگۈزۈۋەتكەن مەن.. مەن ئۆزۈمنى كەچۈرەلمەيمەن.....
_ئۇنداق دىمەڭ، ، ھەدە.._مەن كۆزۈمدىن سەل بولۇپ ئېقىشقا باشلىغان ياشلىرىمغا توغان سېلىشقا ئامالسىز ھالدا ئۇنى قۇچاقلاپ يىغلاشقا باشلىدىم.

_ئوھوش، ،نىما نداق قىلىدۇ ما خەق. .شــــەپقەت ئۆلگىنى يوق. .ئۆلدى دەپ خەۋەر ئېرپ كەلســــەم بولامتىيا؟؟_ئۇ قىز كۆزلىرىنى نەشـــتەردەك تىكىپ تۇرۇپ چالۋاقاپ كەتتى._نىمە جېنىمنى چىقىرىشــــىدۇ بۇلار. .ئۇكاك دىگەن هارام تاماقنچۇ ئۇ يەردە ئادەم قىلىپ قويغان مەن. . مەن يەيدىغىنىنى ئىچىدىغىنىنى بېرىپ هالىدىن خەۋەر ئالمىغان بولســـام ئالىبۇرۇن ئۆلۈكى كېلەتتى بۇ يەرگە . .نىمە گەپ قىلمىســـــام كەچكىچە ئۇنى ـ بۇنى دەپ بېشــــمنى ئاغرىتىشىدۇ. . .ھىي. .زۇلخۇمار دىگەن سەنمۇ؟

ئۇ جاۋىلداشتىن توختاپ مەندىن سورىدى.

_ھە مەن._مەن مەڭدىگىنىمچە جاۋاپ بەردىم.

_ھە. . ئاغرىپ قىززىپ قالغانىدا توختىماي ســـىڭلىك ئىســـمىڭنى جۆيلۈپ بېشـــمنى ئاغرىتىۋەتكەن.كېيىن سورىسام باشتىكى ئايالىم دەۋاتاتتى مېنى ئالداپتىكەندە ئۇ قوڭالتاق. . . ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىققان نىجاسەتتەك گەپلەردىن هوشۇمدىن كېتەي دەپ قالدىم.

_سىز ئۇنىڭ نىمىسى؟؟

_قۇلاق يوقمۇ نىمە ســـــىزدە ئى ھەدىمىز دىدىغۇ بايا. مەن ئۇنىڭ هالال نىكاهلاپ ئالغان خوتۇنى. .بىز ئىچكىرىدە بىر ئۆيدە تۇرۇمىز.شـــۇ يەردىكى مەســـچىتتىن ئىمام ـ ئاخۇنۇملارنى چاقىرىپ نىكاھ ئوقۇتقان. . . . . . . .

يەنە نىمىلەرنى دەپ بىلجىرلىــدىكىن. .ئىشــــقىلىــپ. . . . . . قۇلاقلىرىم توختىمــاي غۇڭۇلدايتتى. . . . . . . . . .

شــــەپقەت. . .ســـــەن زادى نىمە بولدۇڭ؟؟ ســـېنى زادى نىمە دىســــەم بولىدۇ؟ســـەندىن نەپرەتلىنەيمۇ؟؟ ســــەن بىلەن تونۇشـــقىنىمدىن تارتىپ هازىرغىچە ماڭا ئېلىپ كەلگەن كۆڭۈلسىزلىكلىرىڭ سەندىن بىر ئۆمۈر نەپرەتلىنىشكە تامامەن يېتەتتى. . سەندىن ئاغرىنىشقا ھەقلىقمەن. . سېنى تىللاشقا،ئىچىم چىققۇچە سۆكۈشكە تامامەن ھەقلىقمەن. . .بىراق. . .بۇ لەنىتى كۆڭلۈم ساڭا قانداق يېپلار بىلەن باغلانغان بولغىيتتى. . زارىقىش،سۆيۈش،ئۈمىدكە تولغان قەلبىم سېنىڭ نۇرغۇن سۆيۈملۈك تەرەپلىرىڭنى تىنىماي ئەسلەيدۇيۇ بارچە كىشىلەر لەنەت تاشىلىرىنى ئېتىۋاتقان يامان تەرەپلىرىڭنى يېقىنمۇ كەلتۈرمەيدۇ. .سېنى ئۈمۈدسىزلىنىپ تۇرۇپ ئاقلايمەن. . . ســـېنى تىللاپ تۇرۇپ ئەســـلەيمەن. . ســـېنى يىغلاپ تۇرۇپ ســـۆيىمەن. . . .ئاھ شـــەپقەت. . .شـــەپقەت. . . ســـەن نەدە؟؟ ســـەن زادى نەدە؟؟؟ مەن ئاۋۇ مودۇر ـ چوقۇر ئالۋاســـتىچىلىكمۇ بولالمىدىم. . . ئۇ مەيلى قانداقلىكى ئۇســـۇلدا ســـەن بىلەن بىللە ئۆتسۇن قانداقلىكى ئۇســـۇلدا ســـاڭا كۆڭۈل بۆلســـۇن ئۇ يەنىلا غالىپ. . مەن ئۇنىڭ ئالدىدا مەغلۇپ بولغۇچى. . . .چۈنكى ئۇ سېنى غادىيىپ تۇرۇپ "مېنىڭ ئېرىم"دىدى. . . خۇددى ئەينى ۋاقىتتا

ھېلىقى قارا قۇمچاق قىز سېنى مەھكەم قولتۇقلاپ تۇرۇپ "مېنىڭ مۇھەببىتىم"دەپ مەغرۇر قارىغاندەك...خۇددى ئەينى يىلى ئالمىرە قىپ-قىزىل توي كىيىمى بىلەن "بىزنىڭ تويىمىز"دەپ نازلىق كۈلگىنىدەك.........مەنچۇ؟؟ مەن بىرەر قېتىممۇ سېنى "مۇھەببىتىم"دەپ ئەڭ يېقىن دوستلىرىمغا دەپ باقالىدىممۇ؟؟ ياق.. ياق... مەن دوستلىرىمغا ياكى باشقىلارغىلا ئەمەس بەلكى ئۆزۈمگىمۇ ئۇنداق دەپ باقمىدىم. پەقەت "بىز دىگەن دوست"دەپ ئۇنىسىز،ئۇنىسىز شۇۋرۇلاپلا كەلدىم... شەپقەت.. مەن سەندىن نەپرەتلىنەلمەيمەن.. بىراق ھەقىقى تۈردە سەندىن ئۈمۈتسىزلەندىم....بۇ ئۈمىدسىزلىنىش نەچچە يىللاردىن بېرىقى خىيالىي دۇنيادا داۋاملىق ياشاش پەلسەپەمنى بىت-چىت قىلىۋەتتى....خىيالىي دۇنيارىمدىكى ئىككىمىزگىلا تەۋە بولغان ھوجرىمىزنى گۇمران قىلىپ تاشلىدى... پولاتتەك مۇستەھكەم،تەۋرەنمەس ئېرادەمنىڭ ئۇلىغا دەز چۈشۈرۈۋەتتى.. ياق.. مەن بۇ قاباھەتلىك چۈش قوينىدا مەڭگۈ گۇگراپ ئۆتسەم بولمايدۇ... مەن سىلكىنەي،،مەن ئويغىناي... مەن چوقۇم تىرىشىمەن... بۇ چۈش پەرىسىنىڭ ھىلە-مىكرىدە مەڭگۈ قايمۇقۇپ يۈرۈۋەرسەم ئۆزەمنىمۇ ئۆزگىنىمۇ ئالداپ بەك شەخسىيەتچىلىك قىلغان بولمامدىم؟؟ مېنى سۆيىدىغان ئاتا-ئانام ۋە باشقىلار ئالدىدا شەپقەت ئۆتكۈزگەن خاتالىقنى يەنە نىمە دەپ مەن سادىر قىلغۇدەكمەن؟؟.....

شۇ قېتىمقى قاتتىق سىلكىنىشتىن كېيىن ئەسلىمگە كېلىپ نورمال تۇرمۇشۇمنى باشلىشىمغا يەنە خېلىلا كۆپ ۋاقىت كەتتى. سۆيۈملۈك دوستۇم مېھرىباننىڭ تويى بولدى. مەن ئۇنىڭغا قولداش بولۇپ بەختىگە تەڭ جور بولۇپ ئۇنى قىزلىق دوقمۇشىدىن ئاياللىق مەجبۇرىيەت دۇنياسىغا يولغا سېلىۋەتتىم.

ئەمدى ھەممىنىڭ كۆزى مەندە.. سانسىزلاپ تەكلىپ تاپشۇرۇپ ئالدىم.... مۇرادىلىمۇ ماڭا بولغان كۆڭلىنى پەللىگە كۆتۈرۈپ تەسۇرلەپ ھېرىپ قالدى. ئىككىمىز ئوخشاشلا مۇھەببەتتە ئازار يىگۈچى بولغىنىمىز ئۈچۈن بىر-بىرىمىزنى قەدىرلەپ ئۆتەلىگۈدەكمىز.. سوغۇق كۈلۈمەن..بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟؟ بىز يا بىر-بىرىمىز ئۈچۈن ئازار يىگۈچىلەر بولمىساق...

دادام-ئاپامنىڭ يالغۇز يەردە ھەرەج تارتىپ قىينالدىڭ دىگەن تەشۋىشلىك كۆڭۈللىرىنى تەسكىن تاپقۇزۇش،ئىشىكىمنى توختىماي چېكىدىغان ماڭا "ئاشىق"لارنىڭ قەدىمىنى توختىتىش،شۇنداقلا سىلكىنىشتىن كېيىنكى خىيالىي دۇنيادىن قول ئۈزۈپ رېئال دۇنياغا قايتىپ كېلىش دىگەندەك سەۋەپلەر شۇنداقلا كۈندىن-كۈنگە ماڭا تىكىلگەن مېھرىلىك

كۆزلەرنىڭ،مىننەتسىز قىلىنغۇاتقان ياردەملەرنىڭ مىنىڭ "مۆز"كۆڭلۈمگە ئاستا ـ ئاستا باھار تەپتىنى ھىس قىلدۇرۇشى ، ھەر بىر بارغىنىمدا "قىزىم"دەپ پىشانەمدىن سۆيۈپ ئىللىق مېھرى بىلەن كۈتۈۋىلىشلىرى ئاپامغا شۇنداقلا يەنە "ئانىلارغا"ئوخشىشى نەتىجىسىدە مەن تەنھا تۇرمۇشۇمغا خاتىمە بەرمەكچى بولدۇم.كىم بىلەن دەمسىز؟؟سىز دەپ بېقىڭچۇ؟؟
ھى ھى توغرا.. دەل شۇ "ئادىل دوختۇر"
شۇنداق قىلىپ بىز توي قىلىشقا پۈتۈشتۇق. بەلكىم ھەيران قالغانلاردىن خۇش بولغانلار كۆپ بولغان بولسا كېرەك دەيمەن.. چۈنكى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان مېنىڭ ئالدىمغا ئۈچرىغان ھەر قانداق كىشى "بەك ياخشى بوپتۇ.گۈل ـ گۈلى بىلەن دىگەن شۇ "دىيىشەتتى....
شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرسىدە مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە شەھەرگە كىردىم. شۇ كۈنى كەچتە شەھەردىكى بىر نەچچە دوستلىرىم بىلەن مەلۇم بىر ئولتۇرۇشقا بېرىشىمغا توغرا كېلىپ قالدى. قىزلار بىلەن زاكاس قىلىپ قويغان ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇپ چىققان تاماقلارغا ئېغىز تەگكەچ پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇراتتۇق. يان تەرەپتىكى بىر ئۇستەلدە كىملەرنىڭدۇر بويىنىنى سوزۇپ بىزنىڭ ئۇستەلگە قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم.كىملەردۇ..ۋاي خۇدا ..ساپلا بىزنىڭ ساۋاقداش باللاركەنغۇ....تونۇش چىرايلاردىن ئىللىپ كەتكەن يۈرىكىم تونۇش بىر سىمادىن"قارىتتىندە"قىلىپ كەتتى.ئاھ.....شەپقەت......پەقەت ئۇنىڭ كۆزلىرىلا ئۇنىڭ شەپقەت ئىكەنلىگىنى بىلدۇرۇپ تۇرمىسا ھەرگىزمۇ تونۇماس ئىكەنمەن..گۆردىن قېزىۋالغاندەك ئورۇقلاپ كەتكەن،يۈز سۆڭەكلىرى پۈلتىيىپ كۆلسىمۇ يىغلىغاندەك تۇس بېرىدىغان ئەرۋاھ چىراي..ئۇ راستىنلا شەپقەت ئىدى.
ئالدىمدا مېنى تانىسغا تەكلىپ قىلىپ تۇرغىنى دەل شەپقەت.......
مەن ئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم... ئىھ...ئۇنىڭ ياغاچتەك قوللىرىدىن يەنىلا شۇ ماڭا تونۇش سېزىم تارقىدى....يۈرىكىم سىرقىرىدى... پۈتلىرىم كالۋالاشتى....
_ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟
_ياخشى.ئۆزەڭچۇ؟ قاچان قايتىپ كەلدىڭ.
_ئىككى ـ ئۈچ كۈن بولدى.
_ھە.._گەپلىرىمىز قولاشمايتتى..ھەر ئىككىمىزنىڭ قوللىرى تىترەيتتى.. بىر ـ بىرىمىزگە تىكىلىپ قاراشنى ئارمان قىلاتتىقىۇ كۆزلىرىمىزنىڭ ئۈچرىشىشىدىن ھەزەر ئەيلەيتتۇق....ئۇمۇ،مەنمۇ چىلىقىدە تەرگە چۆمۈپ كەتتۇق......

ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككىمىز توختىماي ئۆيىندۇق.. كۆز ئالدىمىزدىكى بىزگە شۆبھىلىك تىكىلگەن كۆزلەر ئەســـتىن تامامەن يوقىغان ئىدى. پەقەت ئىككىمىز،ئىككىمىزلا بار ئىدۇق.. بىر ـ بىرىمىزگە تەلمۈرەتتۇق.. زارىقاتتۇق.. يەنە يىراق قاچاتتۇق..

ـخۇمار_ئۇ قوللىرىمنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇپ بېلىمنى تېخىمۇ چىڭ قورۇپ تۇتۇشقا تىرىشاتتى..

مەن ئۆزىنى يوقىتىشــقا قاراپ يۈزلەنگەن ســەزگۈلىرىمنىڭ يۈزىســزلەرچە يېڭىلا تاللىغان ھايات يولۇمغا ئىگىز سېپىل توساق ياساپ سېلىشىدىن ئەندىشە قىلغان ھالدا ئاڭسىز رەۋىشتە ئۇنىڭ قوللىرىنى سىقاتتىم.....

ـخۇمار،قايتقاندا سېنى ئاپىرىپ قويساي ماقۇلمۇ؟

ـئۇنىڭ ئىلتىجا بىلەن تەلمۈرگەن نۇرىنى يوقاتقان كۆزلىرىنىڭ يەنىلا مېنى ســـــھىرلىگۈچى سېزىملىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي گۇناھكارلارچە يەرگە قاراپ تۇرۇپ رەت قىلدىم.

ـكەچۈرگىن،، ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ.

ـساڭا دەيدىغان ،ساڭا پەقەتلا دىيىشكە پۇرسەت بولمىغان بىر گېپىم بار.. شۇنى دەۋالاي!!

ـبولمايدۇ..ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ.. ـپىچىرلاپ تۇرۇپ شۇنداق دىدىم.

ـئۇلارنىڭ دىگىنى راسمۇ خۇمار...توي قىلامسەن؟

تىترەپ تۇرۇپ بېشىمنى ئارانلا لىڭشىتتىم.

ـياخشى بوپتۇ_ئۇ ئەلەملىك ئۇھ تارتىۋەتتى...

ـخۇمار.. .ئەمســە مەن ئىشــىكىڭ ئالدىدا ســاقلاي.. ســەن كەتكەندىن كېيىن كەينىڭدىن باراي... مەن پەقەت ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىر قېتىم ســـەن بىلەن پاراڭلىشـــمەن.. دەيدىغان گېپىم بار...

مەن ماقۇل دىگەن تەرىزدە بېشىمنى لىڭشىتتىم...

قايتتۇق.ئادىل مېنى ئالغىلى كەلدى. ئىككىمىز بىزنىڭ قورۇغا بارغاندىن كېيىن بىر ئاز پاراڭلىشىپ تۇرۇپ قالدۇق. دەل شۇ چاغ... ئۇ كەلدى.. يېنىمىزدىن ناخشا ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتتى..

"قارا دەيدۇ،قارا دەيدۇ..قارا مەندە يوق..

قاراموۇقنىڭ قاسراغىدەك گۇنا مەندە يوق..."

بۇ ئۇنىڭ ســـنىپتا كەينىمدە ئولتۇرۇۋېلىپ چېچىمنى تارتىپ تۇرۇپ ئېيتىدىغان ناخشـــســـى ئىدى..بۇ ناخشــنى ھىلىھەم قەيەردە ئاڭلاي يەنىلا شــۇنداق يۈرىگىم تىترەيدۇ..كۆزۈمدىن ياش ئەگىيدۇ.....

مەن كىرىپ كەتتىم.ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدەم بويىچە ئادىل كەتكەندىن كېيىن چىقىپ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىماقچى ئىدىم.. بىراق.....مەن چىقمىدىم.... بايىقى ئۇنىڭ بىلەن تانىسا ئوينىغان ۋاقتىمدىلا ئۇنىڭغا ئەل بولۇپ بولغان ھىسسىياتىم ماڭا زارلايتتى.

"زۇلخۇمار،چىقساڭ بولمامدۇ..ئۇنىڭ زادى نىمە گېپى بار ئاڭلاپ باققىنە..ئۇنى بىر ئۆمۈر سۆيۈپ كېلىپ ئەمدى ئاخىرقى قېتىم شۇنى قوبۇل قىلالامسەن؟"

ۋىجدانىم كەسكىن بۇيرۇق قىلاتتى"ياق زۇلخۇمار،ئۇنداق قىلساڭ قەتئى بولمايدۇ. سەن بىراۋنىڭ ساڭا بولغان ئىشەنچى،ئەقىدەسىنى ئۇنداق پايخان قىلساڭ بولمايدۇ. ئالىم ھازىر سېنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرىدۇ..ئۇ سەن ئۈچۈن ھەر قانداق بەدەل تۆلەشكە رازى. سەن ئۇنىڭغا يۈز كېلەلەيدىغان ئىش قىلىشىڭ كېرەك. چىقساڭلا ئۇنىڭ باغرىغا تاشلانمايمەن دىيەلەمسەن؟ ئۇنىڭ ساڭا بولغان كۆڭۈل سۆزىنى ئاڭلىساڭ ئۇنى كەچۈرۈپ ئۇنىڭ باغرىغا سىڭمەيمەن دىيەلەمسەن؟ بۇ يەنە بىر يۈرەكنى ئالدىغىنىڭ..ھېلىمۇ سېنىڭ شەپقەتكە بولغان بۇنچىلىك چوڭقۇر ھەسلىرىڭنىڭ ئۇ ھېچنىمىسىنى بىلمەيدۇ..كېيىن يۈرىكىدە داغ بولۇدۇ دەپ بۇ ئىشلارنى تىنمىغانىكەنسەن ھەرگىزمۇ چىقمىغىن!!"

ۋىجدان ھەسسىياتتىن كۈچلۈك چىققان ئاشۇ كېچە ئۇنىڭ ناخشىسىنى خېلى ۋاقتقىچە ئاڭلاپ كۆزلىرىمدىن ياش تۆكۈپ ياتتىم.. لېكىن قارارىمدىن قىلچىمۇ مەيۈسلەنمىدىم.

باش باھار كائىناتقا ئىللىقلىق ئېلىپ كەلگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىز توي قىلدۇق..... تويىمىز شۇنداق ياخشى جۇشقۇن كەيپىياتلار ئىچىدە ئۆتتى..توي كېچىسى مەن ئۇنىڭ مۇرىسىگە بېشىمنى قويۇپ تۇرۇپ خىيالىمدىكى "ئۇ"نى مەڭگۈ..مەڭگۈ.. قەلبىم قەبرىسىگە دەپنە قىلىۋەتتىم...

مەن گۇناھكار ئىدىم... ئادىلغا شەپقەت توغرىلىق زادىلا تىنمىغان ئىدىم. چۈنكى قايسىبىر ئەركەك ئۆزى ھالال نىكاھلاپ ئالغان ئايالىنىڭ كۆڭلىدە بۇرۇن چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان بىرسىنىڭ بارلىقىنى بىلسە ئازاپلانمايدۇ؟

شۇ نۇقتىنى ئېسىمدە تۇتاتتىمكىن ئۇنىڭ ئاپىسى دۇنيادىكى بارلىق مېھرىبان ئانىلارنىڭ ئۈلگىسى ئىدى.. مەنمۇ چوقۇم دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى كېلىنلەردىن بولۇشقا تىرىشاتتىم..ئائىلىمىز كۆيۈنۈش،ئىللىقلىق،سۆيۈنۈشكە تولغان ئىدى.. بارلىق ئىزتىراپ غەملىرىمنى ئادىلنىڭ مېھرـ

مۇھەببىتى ئاستا ـ ئاستا يوقىتىۋاتاتتى. . .مەنمۇ ئۇنىڭغا قەلبىمدىكى ئىللىقلىقتىن بېرىشكە تىرىشاتتىم. . .ئۇنىڭ دىگەن يېرىدىن چىقىشقا تىرىشاتتىم. . .

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر كېچىسى كۆرگەن چۈشۈم مېنى چەكسىز ۋەھىمىگە سېلىپ نەچچە كۈنلەپ يۈرىكىمنى تىترەتتى.قاپ ـ قاراڭغۇ. .سۇغۇق شامالدا يېلىڭ كىيىنىۋاپتىمەن دىگۈدەكمەن. . .قەبرىلەرنى ئارىلاپ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنغۇدەكمەن. . بىراق چىقالماي قىينىلىۋاتقۇدەكمەن. . . شۇنداق مېڭىپ تۇيۇقسىز بىر نىمىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ كېتىپتىمەن. قارىسام چىرايلىرى ئاپپاق،كۆزلىرى چەكچىيىپ قالغان بىرسى. . بىردىنلا تىلغا كېلىپ"مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟مەن شەپقەت،خۇمار. . ماڭا خوش دىيىشكىمۇ يارىماسەن؟"دىگۈدەك. . . . .تېنىم شۈركىنىپ ئۇنىڭدىن يىراق قاچاي دىگۈدەكمەنيۇ يەنە كەتمىگۈدەكمەن. شۇ ھالدا بىر قەبرىدىن تىنماي "ماڭا پۇرسەت بەر!!.گېپىمنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئاڭلىغىن!!"دىگەن سادا چىقىپ تۇرغۇدەك. . بۇ بەكلا تونۇش ئىمىش، ،بىراق كىمنىڭ ئاۋازىلىقىنى بىلەلمىگۈدەكمەن. . .

چىلىققىدە تەرگە چۆمۈپ ئويغىنىپ كېتىپ ئەس ـ ھوشسىز بولۇپ قالدىم.بۇ نىمە چۈشتۇر؟؟ شەپقەتكە بىرەر ئىش بولمىغاندۇر ھە؟؟

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ چۈشنىڭ ۋەھىمىسىدىنمۇ قۇتۇلۇپ كەتتىم. .شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە پۈتۈن ئائىلىمىزنى شاتلىققا تولدۇرۇپ بويۇمدا قالغىنى مەلۇم بولدى. . . .

پۈتۈن دۇنيا چۆرگىلەپ كېيىنى ـ كەينىدىن قەي قىلىپ پۇراق، ئادەم توپى. .ھەممە نىمە ماڭا رىئاكسىيە قىلىدىغان بولۇپ كەتتى. مېھرىبانىنىڭ "جېنىم ئادىشىم، با شقىلار ئايالىلار بو شانغاندا دۇنياغا تۆرەلگىنىگە پۇشايمان قىلىپ دات ـ پەريات كۆتۈرۈدۇ دىيىشىدىكەن بىراق مەن سېنىڭ ئازابىڭنىڭ ئۆزىگىلا بۇ شىكايەتنى باشلىۋەتتىم "دەپ تېلىفۇن ئۇرغاندا كۈلۈپ كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئەمدى ئۆزۈم شۇنداق بولۇپ يىگەنلا نەرسە سىڭمەي يېنىپ ئەسلىدىنلا ئاجىز تېنىم تېخىمۇ ئاجىزلىشىپ كەتتى. ئاخىرى بولماي رەھبەرلىكنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن مۇشۇ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ كېلىش ئۈچۈن غۇلجا شەھرىگە قايتىپ كەلدىم. بىر خىل مۇھىت. .ئاپامنىڭ كۆيۈنۈپ ھالىمدىن خەۋەر ئېلىشلىرى بىلەن كىچىككىنە ئەسلىمىگە كېلىپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم.

بۈگۈن نىمىشقىدۇر كۆڭلۈم سىرىتنى تارتىپ پەسكە چۈشۈپ قورۇنى ئايلىنىپ چىقىش ئۈچۈن ئاپامغا دەپ قويۇپ تۆۋەنگە چۈشتۈم.

كوچا دوقمۇشــــىغا چىقىپ بىقىپ يەنە كوچىدىكى قالايمىقانچىلىقتىن ئۆزەمنى تارتىپ قايتىپ كىرىۋاتاتتىم. ئالدىمدا كېلىۋاتقان بىر تونۇش چىراي.. مۇرادىلغا كۆزۈم چۈشتى .

_قانداقراق هوي دوختۇر خانىم ، ،بارمۇسەن؟

_مەن بار.ئۆزەڭچۇ؟ياخشى تۇرغانسەن.. چاقىرمايلا توي قىلىۋاپسەن هە؟

_هاي ئۇنى بىر دىمە يا سەن ئۇنىمىدىڭ ئالاي دىسەم.._ئۇ يەنىلا شۇ شوخ كۈلكىسى بىلەن_بەك جىددىيلا بولۇپ كەتتى ئۆزىمىزگە شـــېرەم تۇققان كېلىدۇ ئاپىلارنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرالمىدىم دىگىنە.

_ياخشى بوپتۇ..ياخشى ئۆتسەڭلارلا بولمىدىمۇ؟

_شـــۇنى دىگىنە.. هەي.. هايات دىگەننىڭ يەنە قىيداپ كەتكۈچىلىك نەرى بار دەيســـەن. شەپقەتنىمۇ ئۇزىتىۋىتىپ يەنە يۇردۇقۇ مانا...

_نىمە؟ نىمە دىدىڭ؟؟_قۇلاقلىرىم غۇڭۇلداپ كەتتى....

ـ ئاڭلىمىدىڭما؟؟شـــەپقەت ئۇ ئاققا خۇمار بولۇپ قېلىپ ئىچكىرىدە ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇپ قېتىپ قاپتىغۇ.. سەن نەلەردە يۇرىسەن هەي....بۇنىڭغا بىر ئايدىن ئاشتى ..._بېشىم پىررىدە قېيىپ كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ بىر نىملەرنى تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇنغاندەك قىلدىم.......

ســــنىپقا كۈلۈشـــۈپ كىرىۋاتىمىز،ئۇ كەينىمدە،مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ...ئۇ چېچىمنى تارتىدۇ..مەن قىيداپ تۇرۇپ "ئۇكام جىم ئولتۇره"دەيمەن.....

"ئۇ كام دىگەن ئاغزىڭغا ســـۆيۈۋالىمەن"ئۇ يىقىن كېلىدۇ.. مەن تىترەپ تۇرۇپ قاچماقچى بولۇمەن.بىراق قېرىشقاندەك ئۇنىڭ قۇچىقىغىلا يىقىلىمەن.. ئۇ راستىنلا مېنى سۆيىۋالىدۇ....

"خۇمار،سېنى قۇچاقلاپ قويايچۇ!!"دەيدۇ....مەن ئىختىيارسىز ئۇنىڭ باغرىغا تاشلىنىمەن..

"خۇمار قوپە تانســا ئوينايمىز"دەيدۇ.. مەن تاتلىق كۈلۈپ ئورنۇمدىن قوپۇمەن. ئۇ بەللىرىمدىن قورۇپ تۇ تۇپ تۇرۇپ،مەن پۇ تۇن ئـ ختـ ميــار د ە نى ئۇز ـ ڭغــا تــاشـــــلاپ تۇرۇپ پىرقىرايمەن..پىرقىرايمەن...

"خۇ مار،مېنى كەچۈر،مەن گۇ ناھ كار"دە يدۇ.." ياق،بۇ ســـېنىڭ خا تالىقىڭ ئەمەس..بۇ تەغدىر.."دەيمەن.

خۇمار...ئۇ ۋىمپ-قىزىل ئوت يالقۇنى ئىچىدە ماڭا قاراپ تولۇۋاتاتتى...مەن قوللىرىمنى سوزاتتىم..سوزاتتىم..بىراق ئوت ئۇنى يالماپ يۇتۇۋېتىۋاتاتتى.........

شەپقەت...شەپقەت.....

-دوختۇر..ئۇ ھوشىغا كەلدى..-كىمدۇر بىرلىرى يىغلىشىۋاتاتتى. بىرسى مېھرىلىك قولى بىلەن پىشانەمنى تۇتۇۋاتاتتى..

_ئاستا-ئاستا كۆز ئالدىم يورۇدى.. كۆزۈم بېشىمدە ماڭا قاراپ ياشلانغان كۆزلىرىنى تىكىپ تۇرغان ئادىل،ئاپام قىيىنئاپاملارنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى....

_مەن،،ماڭا نىمە بولدى؟

_سىزنى سىرتتا چىقارمىسام بولمامدۇ؟؟_ئاپام ئۇن سېلىپ يىغلاپ باشلىدى_قۇدام.. مەن سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن.. بالىغا ياخشى قارىيالماپتىمەن....

_بالا؟ مەن... بالىغا نىمە بولدى؟بالىغا نىمە بولدى؟_ھالسىزغىنە سورىغان سۇئاللىرىمغا ئادىلنىڭ ئەرلىك بەرداشلىقىنى يىمىرىپ كۆزىدىن تۆكۈلگەن ياشلىرى جاۋاپ بەردى...

مەن يان تەرەپكە قاراپ ئۆپكىدەپ يىغلىۋەتتىم...مەنمۇ ئانىمۇ؟ بىچارە نارىسىدەرىمنى قوغداپ قالالمىغان مەنمۇ ئانىمۇ؟؟؟

_ھىچقىسى يوق بالام،بۇ سىزنىڭ سەۋەنلىكىڭىز ئەمەس، سىلەر تېخى ياش..بۇنچە ئاھ ئۇرۇپ كەتمەڭلار!!_قىيىنئاپام مېھرىبانلىق تۆكۈلۈپ تۇرغان ئاھاڭدا كۆڭلىمىزگە تەسەللى بەردى...

دوختۇرخانىدىن قايتىپ چىقىپ خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئەسلىمگە كېلەلمىدىم. ئاپامنىڭ،قىيىنئاپامنىڭ ئادىلنىڭ چەكسىز مېھرىبانلىقلىرى،كۆيۈنۈشلىرى تاشقى يارىلارغا مەلھەم بولۇپ جىسمانىي جەھەتتىن ئاساسەن ئەسلىمگە كەلگەن بولسامۇ ئىچىمدە ئۆزۈمنى كەچۈرەلمەيۋاتاتتىم.بۇنىڭ ئۇچۇن تېخىمۇ تىرىشىپ بۇ ئائىلىنىڭ ياخشى كېلىنى ئادىلنىڭ ياخشى مەھبۇبىسى بولۇشقا بارلىقىمنى ئاتىغان ئىدىم. بىراق،ناگان-ناگاندا چۈشلىرىمدە ئۇ يەنىلا شۇ تاتلىق سېزىملارنى قالدۇراتتى.......ئەڭ ئاخىرقى قېتىم نىمىشقىمۇ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باقمىغاندىمەن؟ئۇ نىمە دىمەكچى بولغىيتتى..بەلكىم شۇ قېتىم ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاش

بىلەن ئۇنى ھالاكەت يولىدىن تۇتۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن بولغىيتتى دېگەندەك پۇشايمانلىق بىر ئۆكۈنۈش.."ئۇنىڭ شۇ يوللارغا كىرىپ كېتىشىگە سەن سەۋەبچى خۇمار،،باشتىن ـ ئاخىر سېنىڭ سۆيگۈڭنىڭ قىساسى..ھەم سېنىڭ شۇنچە ئۇلۇغ سۆيگۈنى قەلبىڭگە پاتۇرۇپ جىممىدە سۈكۈتتە ياشىشىڭنىڭ ئۆزى بىر خاتالىق بولغان،ئاكتىپلىق بىلەن ئۇنى ئۆزەڭنىڭ قىلىشقا تىرىشمىغانلىقىڭ ئۈنىڭدىكى پۇشايماننى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ تېخىمۇ ئارقىغا داجىتتۇەتكەن.."دېگەندەك قەرىزدار ھىسسىياتلار يۈرەكنى تىلغايتتى..

"خۇمار.ساڭا گېپىم بار،، گېپىمنى ئاڭلىغىن،ماڭا خوشىمۇ دېمەمسەن"دېگەن ئىلتىجالىق بىر ئاۋاز بىر قەبرىدىن ئۈزلۈكسىز ياڭراپ تۇراتتى.......

تاڭ ئاتتى... ئاپ ـ ئاق تاڭنى كۈتۈۋالدىم...تېز تۇراي!! قىيىنئاپامنىڭ تەرىتىگە سۇ بېرىپ ناشتىلىق تەييارلاپ ئۈچىمىز ھوزۇرلانغان ھالدا يېڭى بىر كۈننى ئۆتكۈزۈشكە ئاتلىنىشىمىز كېرەك!!!!

يانغىن ئېلكىتابلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

ئېلكىتاب ئىشلەشكە قاتناشقۇچىلار: يانغىن ، كەسكىن ، **oqugin**

www.yanghin.net www.yanghin.cn

kitab@yanghin.net admin@yanghin.net